ئاياز شكسته

# مهى جاهانا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

书号：M10098·1055
定价： 1.00元

جاهاننامە

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

ئاياز شىكەستە

# جاھاننامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئاياز شىكەستە

# جاھاننامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

كىتابخانلارنى سۈنۇلۇۋاتقان بۇ «جاھاننامە» داستانى ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى بىر يېڭىلىق بولۇپ سانالماقتا. بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تىزىسلىرى بولسۇن، ئەدەبىي ئەسەرلەر (قولىيازمىلار) كاتالوگى بولسۇن ۋە ياكى ئىلمىي ماقالىلار بولسۇن، ھېچقايسىسى بىر مەتبەدە بۇ داستان توغرىسىدا مەلۇمات بېرەلمىگەن. ئەدەبىيات تارىخىمىز توغرىسىدا يېزىلىۋاتقان تىزىسلاردا «سەئىدىيە خانىدانلىقى» دەۋرىگە ئائىت مۇكەممەل بولمىغان بىرمۇنچە ئەدەبىي مىراسلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر ئاق قېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ھەقتە ھەممىمىز تەقەززالىق بىلەن ئىزدىنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە «جاھاننامە» داستانىنىڭ تېپىلىپ قالغانلىقى بارلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى. بۇ خۇشاللىق، شۇنىڭدەك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا خەلقىمىزنى مەمنۇن قىلغان بىرمۇنچە نەتىجىلەر پەقەت پارتىيىمىزنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى قېزىش، توپلاش، تەتقىق قىلىشنىڭ داغدام يولى ئېچىلغانلىقى ئارقىسىدىلا بارلىققا كەلدى.

«جاھاننامە» داستانىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان يەگانە قولىيازمىسىنى قەشقەرلىق كىتابپۇرۇش قادىر بۇلاق 1981-يىلى تېپىپ، 1982-يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قولىيازمىلار

فوندىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، بىز قولىيازما ئۈستىدە ئەمەلىي تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ۋە ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدا نەشرگە تەييارلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

بۇ قولىيازما پاتلىق خوتەن قەغىزىگە نەستەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن ئىككى ستون قىلىپ كۆچۈرۈلگەن. قولىيازما 10.5 × 16 سم فورماتتا بولۇپ، جەمئىي 56 ۋاراق (داستان قىسمى 112 بەت، بىرىنچى ۋاراقنىڭ بىرىنچى بېتى ئاق قالغان)، ھەربىر بەت 13 قۇر بېيتتىن ئىبارەت. بېيتلار قارا سىيا بىلەن، ماۋزۇلىرى قىزىل سىيا بىلەن كۆچۈرۈلگەن.

قولىيازمىدا بەزى سۆزلەرنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ قايتا تۈزىتىلگەنلىكى، بەزى سۆزلەردە مەزمۇن ۋە ئىملا جەھەتتىكى خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقى مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسلى نۇسخا بولماي، كېيىنكى يىللاردا كاتىپ تەرىپىدىن قانداقتۇر بىر نۇسخىغا (بەلكىم ئەسلى نۇسخا بولۇشىمۇ مۇمكىن) ئاساسەن كۆچۈرۈلگەنلىكىدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قولىيازمىنىڭ ئاخىرىدا داستاننىڭ تۈگىگەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان «تمت الكتاب بعون الملك الوهاب — سەخىي ئىگىمىز تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب ئاياقلاشتى» دېگەن جۈملىدىن كېيىن، پارس تىلىدا شەيخ سەئدى، ھاپىز شىرازى ۋە ئابدۇراخمان جامىلارنىڭ دىنىي ئىستىغپار مەزمۇنىدىكى تۆت غەزىلى ۋە ئاپتورى نامەلۇم بىر رۇبائىي، ئاندىن ئاخىرىدا 7 بېيتلىق (6-بېيتنىڭ ئاخىرقى تەرىپى بۇزۇلغان) بىر غەزەل بار. قەلىمىدىن قارىغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن، دەپ قەيت قىلىشقا بولىدۇ، كېيىنكى غەزەل

«بە خىزمەت بەندەئى ئازاد مەردان زۇد مىگەردەد،
ئاياز ئەز ھۆسنى خىزمەت ئاقىبەت مەھمۇد مىگەردەد»

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىپ،

«كەزەندە ھەركە سودى دىگران را بەر زىيانى خۇد،
بەئەندىك فۇرسەتى سايىب زىيانەش سود مىگەردەد»

دىگەن مىسرالار بىلەن ئاياقلاشقان. باش بېيىتنىڭ 2-مىسراسى «ئاياز ئۆزىنىڭ ياخشى خىزمىتى تۈپەيلىدىن ئاخىرى مەھمۇد بولدى» دىگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ داستاندىكى «بولۇپ لۇتفۇ ئېھسانىدىن سەرەفراز، بولۇپ ئېردى مەھمۇد ياڭلىغ ئاياز» دىگەن مىسرالارنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش. غەزەلنىڭ ئاخىرقى بېيىتنىڭ 2-مىسراسىدىن بولسا، بۇ غەزەلنىڭ ئاپتورىنىڭ «سايىب» ئىكەنلىگى ئېنىق، لېكىن، داستاننى كۆچۈرگۈچى كاتىپ مۇشۇ «سايىب» دىيىلگەن شەخسنىڭ ئۆزىمۇ، ياكى «سايىب» ئىسىملىك شەخس تەرىپىدىن «ئايازنىڭ مەھمۇت بولغانلىقى» توغرىسىدىكى رىۋايەت نەقىل كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان بۇ غەزەل يۇقىرىدىكى كلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرى قاتارىدا كۆچۈرۈپ قويۇلغانمۇ، بۇ مەسىلە بىزگە ھازىرچە ئايدىڭ ئەمەس، غەزەلنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن بۇ مەسىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى.

داستاننىڭ ئاپتورى توغرىسىدا ئەسەرنىڭ ئۆزىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئاپتور ئۆز تەخەللۇسىنى «شىكەستە — زەخمىلەنگەن» داستان نامىنىڭ «جاھاننامە» ئىكەنلىكىنى بىرقانچە جايدا قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ①. ئاپتور ئىككى ئورۇندا «شىكەستە» سۆزىنىڭ ئالدىغا «قايىل» سۆزىنى قوشۇپ قوللىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ تەخەللۇسىنى «قايىل شىكەستە» دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئاپتور ئۆزىنى يەنە «قايىلى ئاجىز» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ «قايىل» سۆزىنى «سۆزلىگۈچى، ھېكايە قىلغۇچى» دىگەن سۈپەت ئورنىدا ئىشلەتكەنلىكى ئېنىق، داستاندىكى

ئايازا، ئەجەب غەفلەت ئېرمەسمۇ بۇ،
كە سېن خاھى بىدارۇ خاھى ئۇيۇ» دىگەن مىسرالاردىن

① مۇشۇ ئەسەر، «جەھاننامەنىڭ بۇنيادى»، «جەھاننامە تامام بولۇپ، جەھاننامە ئات قويغانى» دېيىلگەن ماۋزۇلارغا قاراڭ.

ئاپتورنىڭ ئىسمىنى «ئاياز» دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. داستاندا ئاپتورنىڭ ئۆزىنى «مەھمۇد ئاياز» رىۋايىتىدىكى «ئاياز»غا ئوخشىتىپ، «ئاياز ياخشى خىزمىتى يۈزىسىدىن مەھمۇت بولدى» دىگەنلىكىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن ئاپتورنىڭ ئىسمىنى «ئاياز»، تەخەللۇسىنى «شىكەستە» دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، «بۇلاق» ژورنىلىنىڭ ئومۇمىي 9 ـ سانىدا داستاننىڭ ئاپتورى بولغان «ئاياز شىكەستە» بىلەن «ئاياز بېك قۇشچى» دېيىلگەن شەخس ئەمەلىيەتتە بىر شەخس قىلىپ كۆرسىتىلگەن، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ نەقىل ئېلىنغان ئورنى مەلۇم بولمىغان بىرمۇنچە ئەسەرلىرى كۆرسىتىلگەن.

بىر «ئاياز شىكەستە» دېيىلگەن بۇ ئاپتورنىڭ مۇندىن باشقا ئەسەرلەرنى يازغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن دەپ قارايمىز، لېكىن بۇ ئىككى شەخسنىڭ بىر كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدا قولىمىزدا ئىشەنچلىك ماتېرىياللار يوق. شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كەڭ كىتاپخانلارغا قالدۇردۇق.

داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى ناھايىتى ئېنىق. داستاندىكى:

يىل ئات ئېردى ماچىن تەۋارىخىدا،
رەجەب ئاي فەرخۇندە تارىخىدا.
تۈگەتتىم جەھان مىھنەتى غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزم بىر داستان قىسسەسىن.

دېگەن مىسرالاردا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن. بۇ ئورۇندىكى «فىرخۇندە ـــ فەرخۇندە» سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 939- يىلى (مىلادىيە 1532- يىلى)غا توغرا كېلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىگە ئالاقىدار بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇنلۇقىمۇ ئەسەرنىڭ دەل ئاشۇ يىللاردا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئاپتور ئۆز يىگىتلىك ۋاقىتلىرىنىڭ بىر ۋىلايەتتە ئۆتكەنلىكى، ئۇ يەر ئاپتور ئۈچۈن بىر ۋەتەندەك بولۇپ قالغانلىقى (دېمەك، ئۇ يەر ئاپتورنىڭ ۋەتىنى ئەمەس)، مەزكۇر جايدىكى مەلۇم ۋەيرانچىلىقلاردىن كېيىن، ئاتىدىن - ئاتىغا خان بولۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ «قەدىمىي قۇلى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. كېيىنىدىنلا ئۇ خاننىڭ ئەنجاننى ئالغانلىقى ۋە ئاتابەكرى قولىدىن قەشقەرنى... ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ مەلۇماتلار شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەر، يەنى 1510- يىلى سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ قېشىغا-كابۇلغا كەتكەنلىكى، 1512-يىلى ئەنجانغا يېنىپ كەلگەنلىكى، قوشۇن تەشكىللەپ 1514 - يىلى قەشقەرنى خوتەن ھۆكۈمدارى ئاتابەكرىدىن تارتىپ ئالغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن ئاياز شىكەستىنىڭ 1510- يىللار ئەتراپىدا ئەنجاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانلىقى، 1512-يىلدىن كېيىن سەئىدخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، 1514- يىلى قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ھەمدە «بىر ئۆكسۈك يىگىرمە يىل — 19 يىل (بۇنى سەئىدخاننىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ۋاقتىدىن ھېساپلىغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ)» ئۆتۈپ، سەئىدخان تاپشۇرغان ۋەزىپە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنى بەدەخشانغا بارغانلىقى، ئەنە شۇ يەردە «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ.

داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى سەئىدخان ۋاپات بولۇپ (1533-يىلى)، ئابدۇرىشىتخان تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ.

«جاھاننامە» داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى «چاغاتاي دەۋرى»نىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا يەنى بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىشىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىغا توغرا

كېلىدۇ. لېكىن ئۇ تىل جەھەتتە، ئۆزى بىلەن زامانداش بولغان
ۋە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بەزى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا قەدىمقى
ئۇيغۇر تىلى ئېلېمېنتلىرىنى نىسبەتەن كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى
ۋە ئۇنى قوللىنىشتا بىرخىل ئىزچىللىققا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن
خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ 16-ئەسىر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا
ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ خېلى
چوڭقۇر تەسىرىدە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، ئەسەردە
«ئۆگمەك — ماختىماق»، «چىغاي — كەمبەغەل»، «تاپۇغ — خىزمەت»،
قولماق — تىلىمەك»، «ئىدى — ئىگە، تەڭرى»، «قازىق — ئورەك»، «چىر-
غالان — ئەيش - ئىشرەت»، «تۆكۈز — قۇدرەتلىك»، «ئۆكۈن —
باشقا»، «ناغۇ — نېمىشقا»، «چىلاۋ — چەكمەك — تىزگىن
تارتماق» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ۋە
قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوق، تۆك» قوشۇمچىلىرى (كىرگەچ
ئوق — كىرىش بىلەنلا، بار ئېرمىشتۆك — بار ئىكەن)، ۋاستە كېلىش
قوشۇمچىسى «ئىن، ئۇن» (غەمىن — غەم بىلەن، يالغۇزۇن — يال-
غۇز ھالدا) قاتارلىقلار خېلى ئىزچىل ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭدەك،
ئاپتورنىڭ داستاننىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىنى خەلق چۆچەكلىرى
ئاساسىغا قويۇپ، يۈكسەك فانتازىيە كۈچى ئارقىلىق رىۋايەت
بىلەن چۆچەكلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا داستان كومپازىتسىيە-
سىنىڭ ھەرىكەتچان، قىزىقارلىق بولۇشىنى تەمىن ئەتكەنلىكى
ۋە داستاننى ئامىباب بىر ئاساسقا ئىگە قىلغانلىقى ئۇنىڭ
بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ
يۇقىرىلىقىدىن گۇۋالىق بېرىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئۇيغۇر
فولكلورى بىلەن قويۇق تونۇش بولغانلىقى، ئۆز بەدىئىي ماھارىتى-
نى خەلق ئەدەبىياتى ئاساسىدا يېتىشتۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇ-
نىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، داستاندا لۇتفىنىڭ «گۈل
ۋە نەۋرۇز» داستانىدىن ئېلىنغان تەسۋىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ
(قاراڭ: 140—144-بېيىتلار). بۇ ھالنى ئاپتورنىڭ ئۆزىدىن ئىلگى-

رى ئۆتكەن كىلاسسىك يازغۇچىلار بىلەن يېقىن تونۇشلۇقى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، فانتازىيىلىك - رومانتىكىلىق داستان ژانىرىنى يارىتىش ئىنتىلىشلىرى بىلەن باغلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن، ئاياز شىكەستىنى 16-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن شائىرلارنىڭ بىرسى دەپ ساناشقا، ئۇنىڭ بۇ داستانىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئالاھىدە تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋە داستانلار تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان ئەسەر دەپ ھېساپلاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

«جاھاننامە» داستانىنىڭ تىلى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بولغان باغلىنىشلىرى ئالاھىدە ۋە كەڭ بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر. داستان تەتقىقات خادىملىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن بۇ مەسىلىلەرنىڭ يورۇتۇلۇپ بېرىلىشىگە ئىشىنىمىز.

داستاننىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى تۈزگۈزۈشتە مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنى ئىشلەشتە ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇقىملىشىپ قالغان ئۇسۇل قوللىنىلدى، سۆزلەرنىڭ ئەينى تەلەپپۇزىنى مۇمكىن قەدەر ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق. مەسىلەن، ئىملادا سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «ئە» تاۋۇشى «ي» سىز يېزىلغان بولسا «ئە» بىلەن، ئەگەر ئارقىسىغا بىر «ي» قوشۇپ يېزىلغان بولسا «ئې» بىلەن ئېلىندى. تەتقىقاتقا ۋە ئەسلى نۇسخىغا سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بېيىتلارنىڭ رەت نومۇرى ھەر بەش بېيىتتا بىردىن كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلمايدىغان، قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا خاس بولغان سۆزلەرگە، ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرگە كىتابنىڭ ئاخىرىدا لۇغەت بېرىلدى. تېكىستتە ئېنىق بولمىغان، خاتا كۆچۈرۈلگەن ئورۇنلارنى ھاشىيەدە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم

1 سەنايىى جەھان ئافەرىنغە بۇرۇن،
كىم ئاندىن ئېمەستۇر ئىشى ياشۇرۇن.
نېكىم ئادەمىنىڭ خىيالى يېتەر،
ھەر ئىشكىم ئۇلۇسدىن نىھانى ئېتەر.
بارى ئانىڭ ئالىدا يەكساندۇرۇر،
ئاچۇق دەشتۇ گەر تىيرە مەسكەندۇرۇر.
نېكىم ئالەم ئەھلىدە باردۇر،
ئانىڭ قۇدرەتى ئاندا ئىزھاردۇر.
5 جەھاندا نېكىم جان، جانسىزدۇرۇر،
ھەۋادا ئۇچار، يەردە يۈگرۈپ يۈرۈر.
ئانىڭ قۇدرەتىدىن پەرۇ بال ئاچار،
ئانىڭ قۇدرەتى بىرلە يۈگرۈپ قاچار.
دەرەختۇ گۇلۇ سەبزەۋۇ خارۇخەس،
ئانىڭ قۇدرەتىدىن ئۈنۈپ ھەر نەفەس.
چىقار يەردىنۇ سەبزە خۇررەم بولۇپ،
كۆكۈلدىن غەم ئول ۋەقتلەر كەم بولۇپ.
تاپىپ ھەر بىرى بىرسفەتدە كەمال،
تاپار چۇن كەمالغە يەتسە زەۋال.
10 بەھارۇ خەزان مەۋسىمى كىم ئېرۇر،
بۇلارنىڭ كەمالۇ زەۋالىن بەرۇر.
ياراتماقدا ھەر بىرنى بار ھىكمەتى،
نە ھىكمەت قىلاي دېر يېتەر قۇدرەتى.

ئېرۇر ئادەم ئوغلىغە ھەم ئۇشبۇ ھال،
بىرىگە كەمالۇ بىرىگە زەۋال.
زەۋال ئولماسا فانى بولغاي ئېدى،
جەھان ئادەمى بىرلە تولغاي ئېدى.
ۋەفاسىزدۇر ئۇشبۇ جەھان، ئەي رەفىق،
ۋەفا بولسە ئېدى، قانى ئول شەفىق.

**ھەزرەتى رەسالەت سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم نەئتى ۋە چەھار يارى بەرگۇزىدەنىڭ سىفەتى**

ھەبىبى خۇدا ھەزرەتى مۇستەفا،
كىم ئېردى جەھان ئەھلىغە پىيشۋا.
گۇزىن قىلغان ئول پىيشۋا ئەھلىدىن،
ئەبۇبەكرى سىددىق بەر ھەمنىشىن.
بەرۇر بولغاچ ئىسلامغە ھەق زەفەر،
سەئادەت تاپىپ بائىس ئولغان ئۇمەر
تاقى ئىبنى ئەففان ھەيا مەئدەنى،
ئاچىلغان يۈزىدە سەفا گۇلشەنى.
تاقى ھەيدەر ساھىبى زۇلفىقار،
كە شىيرىم دېگەن ئېردى پەرۋەردىگار.
ئۇلارغە ۋەفا قىلمادى بۇ جەھان،
سىنۇ مەندىك ئەۋۋارەلەرغە نە سان.
نە شاھۇ نە دەرۋىشۇ نە ئامۇ خاس،
فەلەك جەۋرىدىن بولغان ئېرمەس خەلاس.
تۈزۈلگەن زەمانىدىن بارى گەردىشى،
ئېرۇر خانەدانلارنى بۇزۇماق ئىشى.
نە جەمشىيەتكىم ئانى كۆردى شاد،
كە بىر بىردىن ئېتتۈرمەدى خەيرىباد.
نە مىسكىن كە ئېمدى ۋەتەن قىلدى كەرم،
ئانى سورمادى ئاندىن ئول نەرم - نەرم.

ئەجەب غەفلەتی ئادەمىزادغە،
قويارمەر بۇ مىنەت ئابادغە.
كۆرەركىم كۆزی ئالدا ھەر زەمان،
چىكەر ھەمنشىنلەرنى بۇ خاكدان.
قايان باردى بۇ ھەمنشىنلەر دېمەس،
ئۇلارنى كۆرۇپ ئۆز غەمىنى يېمەس.
ھەمىشە بولۇر ئۇشبۇ كىم ئۇشبۇ كۈن،
سەلامەتمۇدۇر جەمئى، باغرى پۈتۈن.
چۇ تاڭلا باقارسېن ئوشۇل جەمئ ئارا،
ئاچىلىپدۇر ئەلبەتتە بىردىن جۇدا.
بۇلار تەجرىبە بولماغان بولسە ھىچ،
بىلۇرسېن بۇگۈن، تاڭلا قالماس بۇ كېچ.
بۇ شىكەستە ئۆزىدىن ئۆتكەن سەرگۇزەشتەسىدە

## ھەزرەتی خان قۇلمۇغغە مۇشەررەف بولۇپ، بۇ جەھاننامەنی ئايتغانىنىڭ سەبەبی

بۇ تەقرىب بولدى، كەل، ئەي نەۋجەۋان،
مۇبارەك زەمىرىڭغە يەتسە گۇمان.
مەن ئاندىن ساڭا بىر ھىكايەت قىلاي،
ۋەفاسىز فەلەكدىن شىكايەت قىلاي.
ماڭا سەرگۇزەشت ئولغان ئىشدىن دېيىن،
كۆڭۈل غەم بىلە تولغان ئىشدىن دېيىن.
تەئەممۇل كۆزی بىرلە قىلساق نەزەر،
جەھان ئۆتمىشۇ بىر تاقی بىخەبەر.
خەبەردار ئولۇپ بۇ ھىكايەت ئەشىت،
ئوشۇل ۋەقتلەركىم بار ئېردىم يىگىت.
ۋىلايەتدە ساكىن ئېدىم نەچچە يىل،
ماڭا ئول ۋەتەندىك بولۇپ ئېردی، بىل.
يار ئېردىم بۆلەك يارۇ ياران بىلە،

ئۇرۇغۇ قاياش جەمئى تۇققان بىلە.
تۇزۇك خانەۋۇ خانەدان پۇر ھۇزۇر،
كۆڭۈل جەمئىيۇ ئەھباب ئەيشۇ سۇرۇر.
بەھارۇ خەزان مەۋسىمى سەير ئەتىپ،
نى يەركىم سەفالىق ئىشىتىپ يەتىپ.
گەھى ئولتۇرۇپ گاھى جەۋلان ئۇرۇپ،
بىيىك پۇشتەۋۇ سەبزەلەردە تۇرۇپ.
كۆڭۈل خۇشلاغان يەردە مەجلىس قۇرۇپ،
مەي ئىچىبەككە مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرۇپ.
بىرى بىر بىرىمىز بىرلە خۇشھال ئىدۇك،
ھەممىشە خۇشانۇ خۇش ئەھۋال ئىدۇك.
خەزان پەسلى ھەم باغ ئارا جەمئ ئولۇپ،
يۇرۇر ئىردۇك ئاسۇدە ئوينەپ ـ كۈلۈپ.
ئاياقغە تۇشۇپ ھەر خەزان يافراغى،
دىر ئىرمىشتۇك ئولدەم بۇ ئىشرەت چاغى.
ئەنىسىمەتدۇرۇر جەمئى ئەھبابغە،
جەھان ۋەقت قويماس بۇ ئەسبابغە.
بىز ئولدەم يىگىتلىك غۇرۇرى بىلە،
ئوشۇل ۋەقت ئەيشۇ سۇرۇرى بىلە.
خىيال ئەتمەس ئىردۇككى ئالەم نىبدۇر،
جەھان ۋەقت قويماس ئىچىۇ غەم نىبدۇر.
نەچە يىل بۇ تەۋر ئاندا ئىشرەت بىلە،
كەچۇردۇك جەھاندى فەراغەت بىلە.
فەلەك ئاقىبەت شۇئىبە بۇنياد ئىتىپ،
بەئد جەمئىيەتىمىزنى بەرباد ئىتىپ.
سالىپ ھەر بىر بىرىمىزنى بىريان غەمىن،
قىلىپ فۇرقەت ئەندۇھى بىرلە ھەزىن.

ئەمۇ غۇربەت ئەكسەرنى ئەيلەپ ھەلاك،
تۈگەندىلەر پەرمانۇ ھەسرەتدە پاك.
مەن ئول چەمەندىن ئايرىلىپ يالغۇزۇن،
بۇ خاقانكە ھەق ياشىن قىلسۇن ئۇزۇن.
جەھان ئىچرەبى مىسل ئول جان ئېرۇر،
ئاتادىن ئاتا خان بىن خان ئېرۇر.
تاپۇغىندا كەلدىم قەدىمىي قۇلى،
نېچۈككىم گۈل ئولسا بولۇر بۇلبۇلى.
ئالىپ ئولتۇرۇپ ئەندجان مۆلۈكىنى،
ئالاي دېپ خىيالى جەھان مۆلكىنى.
بار ئېردى ۋەلى كاشغەر ساريدىن،
كەلىپ جەمئى بەدخاھ ھەرساريدىن.
كېچەلەر ئوغۇرلۇق يوسۇنى بىلە،
يۈرۈپ كەنتلەرگە ئىت ئۈنى بىلە.
مۇسۇلمانلار ئۈستىگە تۇرۇپ تالاپ،
ئالىپ، ئۆلتۈرۈپ، ئەرتە تاغ ئارقالاپ،
كىشى كۆرسە قاچىپ كەتەر ئېردىلەر،
باش ئالىپ، ئاياغىن ئېتەر ئېردىلەر.
ئابا بەكرئېدى كاشغەر ھاكىمى،
كە يوق ئېردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى.
ئانىڭ مۆلكىدەكى ئېل - ئۇلۇس تەمام،
تاپىپ ئېردى بەندۇ بەلادا مەقام.
ئۆلۈپ بەندۇ زىنداندا ئۆلگەنلەرى،
قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلارى.
تۇتۇپ بەئزىلەرنىڭ قولاغىن كېسىپ،
قولاغۇ ئىلىكۇ ئاياغىن كېسىپ.
يەنە بەئزىلەرنى تۇتۇپ ئاختەلاپ،

ئالىپ تۇتتۇرۇپ ① مالۇ مۇلكىن تالاپ.
مۇسۇلمانلار ئەرمىشتۇك ئەسرۇخەراب،
كۆرۈپ زالىم ئىلكىدە تۈرلۈك ئەزاب.
بولۇپ ئۈشبۇلاۋ بائىسى شەھرىيار،
بولۇپ ئىتتىناقۇ سىغارۇ كىبار.
رەۋان بولدى خان كاشغەر مۇلكىگە،
كىم ئول خەيبەرى بى خەبەر مۇلكىگە.
خەبەردار ئولۇپ كەلىپ ئول بەدگوھەر،
چەرىكىن سالىپ قەلئەئى كاشغەر.
يەتىپ خانى ئالەم ئالىپ قەلئەسىن،
تۆبەتقە قاچىپ ئول سالىپ قەلئەسىن.
سوڭىغە تۈشۈپ چەرىك ئاخىر يەتىپ،
باشىنى ئالىپ كەلدىلەر قەتل ② ئەتىپ.
خوتەن، كاشغەرچە ئالىپ خان يۈرۈپ،
ئەدالەت بىلە تەخت ئۈزە ئولتۇرۇپ.
ئۇلۇس بەرقەرار ئولدى دەۋرانىدا،
كىشى قالمادى بەندۇ زىندانىدا.
كىم ئول خاجەۋۇ مالدار ئولماغاي،
خەزىنە ئاڭا گەنج ئىلە تولماغاي،
تاپۇغىدا مەن ھەم بولۇپ سۇبھۇ شام،
تۇرۇپ قۇللۇغىدا قىلىپ ئىھتىمام.
بولۇپ لۇتفۇ ئىھسانىدىن سەرەفراز،
بولۇپ ئېردى مەھمۇد ياڭلىغ ئاياز.
سالىپ ئىلتىفاتى كۆڭۈلگە ھۇزۇر،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «تۇتۇتتۇرۇپ» يېزىلغان، بىز «تۇتتۇرۇپ» دەپ ئالدۇق.
② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قل» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بىز مەنە ئېتىبارى بىلەن «قەتل» دەپ ئالدۇق.

تۇشۇپ باشقە ھەرلەھزە ئاندىن غۇرۇر.
فەلەك جەۋرۇ زۇلمىن فەرامۇش ئەتىپ،
نەشاتۇ تەرەب جامىنى نۇش ئەتىپ.
يۇرۇر ئېردىم ئاسۇدە دىل شادۇخۇش،
فەلەك جەۋرۇ زۇلمىدىن ئازادەۋەش.
كە ۋاقىئە بولۇپ ئانداغ ئەييام ئىشى،
كەلىبان بەدەخشان ساردىن كىشى.
خەبەر بەردى بى سەر قالىپدۇر ئۇلۇس،
بۇزۇغلۇقغە كۆڭلىن سالىپدۇر ئۇلۇس.
ئول ئېلنى ئىلىكلەمەسە خان بارىپ،
ئەسىر ئولغۇسىدۇر فەقىرۇ غەرىب.
ئالۇر ① ئول ۋىلايەتنى ئۆزبېك كەلىپ،
مەنى ئېل يىبەردىلەر ئانداق بىلىپ.
كە خاندىن ئۆكۈن يوقتۇر ئۇممىدىمىز،
يارۇغلۇق بەرۇر كۆزگە خۇرشىدىمىز.
ئەشىتكەچ راۋان بولدى خان ئول زەمان،
بۇ قۇلغە دېدىكىم رەۋان بول، رەۋان.
كە سېندىن خەبەر تاپسۇن ئېل بۇرناراق،
بارۇر بىر مۇنە ئېلگە، نېدۇر يىراق.
رەۋان بولدۇم ئەمرى ئىلاھى بىلەن،
كىرىپ يولغە فەرمانى شاھى بىلەن.
بىر ئۆكسۈك يىگىرمە يىل ئاندىن بەرى،
بولۇپ ئېردىكىم يانە بىر ئول سارى.
بۇ ياڭلىغ بەھانەنى پېيش ئۇفتاد
قىلىپ بەرگەلى ئۆتكەن ئىشلارنى ياد،

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اولور» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئالۇر» دەپ ئېلىندى.

گۇزاردىنى سالدى فەلەك گەردىشى،
ھەمىشە بۇدۇر ئىلگە ئانىڭ ئىشى.
كە ھەررەڭ ئىلە بىر جەفا ئەيلەگەي،
جەفاسى بىلە مۇبتەلا ئەيلەگەي.
ئۇشۇل چاغدا كىم جەمئى ئەھباب ئىلە،
يۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئېردىم ئەسباب ئىلە.
بارىنى تانىدىم يۇرۇپ ئول زەمان،
بارىسى كۆزۈمگە كۆرۈندى ئەيان.
ئۇشۇل باغۇ سەھراۋۇ مەنزىل كە بار،
تۇرۇپدۇر يەرىندە بارى بەرقەرار.
ۋەلى ئول جەمائەتكە باھەم ئېدىم،
ئۇشۇل جايى مەنزىلدە ھەمدەم ئېدىم.
بىرىدىن ئەسەر كۆرمەدىم ئول زەمان،
قاراڭغۇلۇق ئولدى كۆزۈمگە جەھان.
پەرىشان بولۇپ خاتىرىم ئانچە زار،
يىغى يىغلادىم ئانچە ئىمكانى بار.
ئۇنۇت بولغان، ئۆچكەن فىراق ئوتلارى،
تۇتاشتى ۋۇجۇدۇمغە ئاندىن بارى.
ئەلەم يۈزلەنىپ دەردۇ ماتەم بىلە،
كېچە ـ كۈندۈز ئولدى ئىشىم غەم بىلە.
نەچە كۈنگەچە ئۆرتەنىپ ئۇشبۇ ھال،
چېكەر ئېردى ئازۇردە جانىم مەلال،
نە كۈندۈز كۆڭۈلدىن چىقار ئېردى غەم،
نە كېچە يەتەر ئېردى ئۇيقۇ بەھەم.
بۇ ياڭلىغ كۆيۈپ، ئۆرتەنىپ ھەر كېچە،
فىراق ئوتى بىرلە ياتىپ بىر كېچە
يۇمۇلماي كۆزۈم ئۇيقۇغە تا سەھەر،

ياتىپ ئېردىم ئولدەم قاشىمدا مەگەر
بىراۋ ئۆشبۇ ھالىمدىن ئاگاھ ① ئېدى،
مەنىڭ بىرلەكىم ئاندا ھەمراھ ئېدى،
ئاڭا ھەم بۇ تۈن ئۇيقۇسىزلىق يەتىپ،
ماڭا ئۇيقۇ ئۇچقانىنى مەئلۇم ئەتىپ.
ياتىپ ئېركەن ئولدەم چۇ بىلدىم ئانى،
دېدىم دېپ ئېدىم ئۇيقۇ ئېلەتمىش سەنى.
ماڭا بۇ كېچە ئۇيقۇ كېلگەن ئېمەس،
مەگەر كۆزلەرىم قىلدى ئۇيقۇنى بەس.
ئۇلار كىم فەلەك دەۋرىدىن قوزغالىپ،
بارىپ ئېردىلەر مەنى مۇنداق سالىپ.
ئۇلارنىڭ فىراقى بىلە زارمەن،
سەھەر ۋەقتى بولدىيۇ بىدارمەن.
غەمۇ فىكر بىرلە دىلى ئاشۇفتەمەن،
كۆزۈمدىن ئۇچۇپ ئۇيقۇ ئالىفتەمەن،
ۋەفاسىز فەلەك دەردىغە ئىئتەمىد،
قىلىپ بولماس ئېرمىش جەھاندىن ئۈمىد.

## جەھاننامە داستانىنىڭ بۇنيادى

چۇ ئول ئاڭلاپ ئېردىم مەنى فىكرۇ غەم
پەرىشان قىلىپ ئېلتمىش ئۇيقۇنى ھەم.
دېدى بىر ھىكايەت قىلاي، شايەد ئول
بولۇپ بائىسى ئۇيقۇ كۆزۈڭۈزدە، يول
تاپىپ قىلغاسىز ئىستىراھەت دەمى،
چىقىپ كۆڭلۈڭۈزدىن غەمى ئالەمى.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «ئاگەھ» يېزىلغان، قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «ئاگاھ» دەپ ئېلىندى.

تەكەللۇمگە تىلنى رەۋان ئەيلەدى،
رەۋان داستاننى بەيان ئەيلەدى.
كىم ئۇل زەمانلاردا بىر شەھرىيار،
بار ئېرمىشتۇك، ئاتى مەلىك شەھسەۋار.
كەلىپ شەھرى سەمىن ئاڭا پايىتەخت،
تۆكۈز تەڭرى بەرگەن ئاڭا تەختۇ بەخت.
ۋىلايەتدىنۇ ئېل-ئۇلۇسدىن كەمى
يوق ئېردى، جەھاندا نېمەدىن غەمى.
مۇسەخخەر ئېدى يەتتى ئىقلىم ئېلى،
خەزىنەسىدە دۇنيانىڭ ھاسىلى.
جەھان شەھلەرىندە ئانىڭ دەۋلەتى
بولۇپ ئۆتكەن ئېمەس ئېدى نەۋبەتى.
ۋەلى ئىككى يۈزگە ياقىن ياش ئاڭا
يەتىپ، بولماغان ئېردى بىر ياش ئاڭا.
بۇ غەمدىن ئىچى تەھبەتەھ قان ئېدى،
ئوغۇلسىزلىق ئوتىدا بىريان ئېدى.
تىلەر ئېردى ھەقدىن مۇدام ئۇل ئەزىز،
قويۇپ يەرگە باشىن، بولۇپ قەترە رىز.
قىلۇر ئېردى ئەيلەپ كېچەلەردە سەير،
تۈل-ئۆكسۈككە پىنھانى ئېھسانى خەير.
مەزارۇ مەزارات تەۋاففە يۈز
قويۇپ، سۈرتەر ئېردى يۈزىن يەرگە تۈز.
كە بەرگەي خۇدا بىر جىگەر بەند ئاڭا،
كە قالغاي جەھان ئىچرە فەرزەند ئاڭا.
ئۆزى بارسە ئورنىدا ئۇل ئولتۇرۇپ،
ئۆچۈرسە چىراغىن بۇ، ئۇل ياندۇرۇپ.
تۇتۇپ مۇلكۇ ئەيشۇ سۈرۈر ئەيلەگەي،
ئانى كۆرسە رۇھى ھۇزۇر ئەيلەگەي.

تەلەب ئۈستىدە سىدقى چۈن بار ئېدى،
دىلۇ جانى بىرلە تەلەبكار ئېدى.
بولۇپ ئاخىرۇلئەمر ھەق لۇتفى يار،
ئاڭا بەردى فەرزەند پەرۋەردىگار.
ئۇلۇس مۇستەھەقلەرىنى قىلدى شاد،
ھەمول دەمدە قۇل، كۇڭ قىلىپدۇر ئازاد.
چۇ ئولدەم ئاتىنى ئاتاپ پادىشاھ،
كە ئاندىن كېيىن قويدى فىرۇزە شاھ

**مەلىك زادە تۇغۇلۇپ سۈت ئېمگەندىن تا بالاغەتكە يەتكەن ھالى، تۇشىدە كۆرگەن چەھار باغۇ قەسرى زەرنىگار ئىچىندەگى مەئشۇقەسىنىڭ خىيالى**

سۈت ئېمگەندە سەئادەت پايە بولدى،
تىلى چىققاچ ھۇنەر ھەمسايە بولدى.
تاپىپ نەشئۇ نەما دەۋلەت ئىچىندە،
يەگانە بولدى ئاز مۇددەت ئىچىندە.
كىچىك ياشدا قامۇق فەنلەرنى بىلدى،
كۆپىن ئاز ئەقل بىرلە فەھم قىلدى.
نە تۇردى بىر نەفەس، نە يۈردى بىر دەم،
تەمام ئۈرگەندى، بىلدى بارچە ئادەم.
گەھى قۇش قۇشلاماق، گەھ ئاۋلاماقدا،
كەيىك ئاتماقۇ تۈلكى قوۋلاماقدا.
كېچە بولسە تەنەئئۇم بىرلە مەشغۇل،
مۇساھىبلارى بارى مەۋزۇنۇ مەقبۇل.
پەرى ئەۋساف ساقىيلار گۈل ئەندام،
تاپىپ قچىلار سەبۇك رۇھۇ دىل ئارام.
مۇنىڭدېك خۇش كەچۈرۈپ ئۆمرىنى شاد،
چىقىپ كېزەر ئېدى ئول سەرۋ ئازاد.

خۇش ئېردی بىر كېچە ۋەقتى بەغايەت،
ئۆتۈپ سۇھبەتتە ھەر تۈرلۈك ھىكايەت.
گەھ ئۆگتىلەر خوتەن زىبالارىنى،
زەمانى رۇمنىڭ رەئنالارىنى.
گەھى چىن خوبلارىدىن سۆزلەدىلەر،
گەھ ئۆزبېكدىن پەرىلەر كۆزلەدىلەر.
ئەتسىپ ھەر بىرى بىر كىشۋەرنى تەھسىن،
قىلا بىلمەدىلەر بىر يەرنى تەئيىن.
مەلىكزادە بولۇپ خۇش ۋەقتۇ خۇررەم،
لەبى خەندان مۇسەلسەل زۇلفى دەرھەم.
بۇ ھالەتدە خىرامان بولدى ساقىي،
مەلىكزادەغە يەتتى دەۋر ئاياقى.
ئاياق ئالىپ ئىچەر-ئىچمەسدە ئول شاھ،
كە ئۇيقۇغە يىبەردى ئۆزنى ناگاھ.
ئەجايىب باغۇ بوستانلارنى كۆردى،
غەرايىب قەسرۇ ئەيۋانلارنى كۆردى.
كە ئول قەسر ئىچرە كۆپ ئېرمىش پەرىلەر،
كە ئەيبۇ نەقسلەردىن دۇر بەرىلەر.
خۇسۇسەن ئولتۇرۇپدۇر بىر پەرىزاد،
يۈزى ئاي، كۆزى چولپان، قەدى شەمشاد.
مەلىكزادەنى قولدىن قولغە ئالدى،
پەرىلەر ئۆز شەھى ئالدىغە سالدى.
كە تەكلىف ئەتتى تەختى ئۈزرە شەھنى،
ئارىتتى جەبھەسىدىن گەردى رەھنى.
كە گەردىشكە كىگۈردىلەر پىيالە،
قىلىپ نەي بىرلە چەڭ، تەنبۇر نالە.
پەرى شاھى ئۇشۇلدەم تۇتتى بىر جام،

مەلىكزادە ئالىبان قىلدى ئاشام.
چۇ ئول مەيدىن بولۇبان مەستۇ بىخۇد،
يىقىلدى يەرگە، بولدى بۇدى نابۇد.
بىناگەھ ئۇيقۇدىن بىدار بولدى،
بۇرۇن كۆرگەنلەرىگە زار بولدى.

**فېرۇزە شاھ ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، تۈشىدە كۆرگەنلەرىنى ياد ئېيلەپ غەمكىن بولغانى**

چۇ بىدار ئولۇپ ئۇيقۇدىن ئول زەمان،
تاپا ئالماي ئول خوبلاردىن نىشان.
دېدى نې تۈش ئېردى، نې ئەھۋال ئېدى،
نې كۆردۈم، ئەشىتتىمۇ نې ھال ئېدى.
بۇ بى ھىكمەت ئېرمەس، مۇنى مەن نىھان
تۇتاي، تا زەمانى كە بولغاي ئەيان.
كۆرەي بارى تا بۇنى تەئبىر ئېتەر،
ماڭا بۇ پەرى ۋەسلى قايدىن يەتەر.
نې مەنزىلدەۋۇ قايدا ئۇچرار ماڭا،
سەبەب نې بولۇبان يەتەرمەن ئاڭا.
دېدىيۇ تەۋەككۈلگە بەردى كۆڭۈل،
ۋەلى كۆڭلىدىن چىقماس ئېردى بۇ گۇل.
خەبەردار ئېمەس ئېردى ئاندىن كىشى،
ۋەلى بار ئېدى ياشۇرۇن نالىشى.
نې مۇندىن سەلىمۇ نې فېروزە راي،
خەبەردارۇ ۋاقىف ئېدى جۇز خۇداي.
ئۇلارغە چۇ بۇ زاھىر ئەتكەن ئېمەس،
نە بىلسۇن كىشىكىم ئەشىتكەن ئېمەس.

**فېروزە شاھنىڭ خەراب بولغانىن سەلىم ئاڭلاپ فېرۇزە رايدىن سورغانى**

ئەيان ئولمادى، چۇنكە مەقسۇدى ھىچ،
نەچەكىم نىھان ساقلادى قالدى كېچ.
بۇ كېز ھالى كۈن كۈندىن ئولدى خەراب،
تۈشە باشلادى جانىغە ئىزتىراب.
بۇرۇنقىدېك ئېل بىرلە ئويناپ ـ كۈلۈپ،
مەئاش ئىستەمەس بولدى، غەمكىن بولۇپ.
سەلىم ئوغلىدىن سوردى بىر كۈن نىھان،
كە ئەي غۇنچەئى گۇلبۇن باغى جەھان①.
نە ھالەت تۇرۇر شاھى فېرۇزۇمە،
كىم ئەۋۋەلغىدېك لۇتف ئىلە كۆزۈمە
كۆرۈنىەي، كۆرۈنەدۇر ئاشۇفتەراق،
كە تۇتقاي ئۆزىنىڭ پەناھىدا ھەق.
نې بار ئېل بىلە بۇرناغى ئۇلفەتى،
نە ئەيشۇ تەنەئئۇم بىلە رىغبەتى.
نە خەندانۇ خۇش ۋەقت خۇشھال ئېرۇر،
نە ئەۋۋەلغىدېك چېھرەسى ئال ئېرۇر.
غەمى بارمۇدۇر، غەم نېدىندۇر، نې يوق،
نې كۆڭلى تىلەر سور، نې دېر، كۆر نې يوق.
ئانىڭ دەۋلەتىدە بارى مەندە بار،
نېكىم كۆڭلى ئىستەر تاپاي سەدھەزار.
ئاڭا دېدى: ئەي مىھرىبان كاردان،
بۇ كىم فەھم ئېتىپسىز ئەياندۇر ئەيان.
بۇ غەم بىرلە مەن ھەم گىرىفتارمەن،
بىلە ئالمايىن مەن ھەم ئەفگارمەن،
غەمى باردۇر ئەلبەتتە خۇد يوق ئېمەس،
ۋەلى ھەر نەچەكىم سورارمەن دېمەس.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «جان» يېزىلغان بولسىمۇ، ۋەزن ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن «جەھان» دەپ ئېلىندى.

## سەلىم فېرۇزە رايىنى فېرۇزەشاھ ھالىن ئاڭلاتا تەدبىر ئۈرگەتىپ يىبەرگەنى

دېدى: ئەي جىگەر بەند فېروز بەس،
قىلىپ تۇرۇر ئەلبەتتە ئول بىر ھەۋەس.
سورۇپ بىلگىل ئەلبەتتە ھالى نېدۇر،
غەمۇ فىكرۇ دەردى، خىيالى نېدۇر.
بۇلاردىن جۇۋد ئېرمەستۇرۇر باشقا ھال،
غەمۇ فىكرۇ يا دەرد ئېرۇر، يا خىيال.
غەمۇ فىكر ئولۇپ ھىچ نېمە كەم ئېمەس،
ئەگەر دەردى باردۇر نې ئۈچۈن دېمەس.
خىيالى قىلىپ تۇرۇر ئەلبەتتە ئول،
كىشىگە دەي ئالمايدۇرۇر پاتتە ئول.
سېن ئەۋۋەل ئانىڭ بىرلە خىلۋەت قىلىپ،
بۇرۇن ھەر تەرەفدىن ھىكايەت قىلىپ.
گەھى مىسرۇ شامۇ ئىراقۇ ھىرى،
خىتايۇ خوتەن خوبلارىدىن بىرى.
كەھى ھۇرۇ گەھى پەرى سارىدىن،
جەھان شوخ رەئنالارى سارىدىن
بىرەر-بىرەر ئەيلەپ ھىكايەت نەزەر
قىلىپ كۆركىم ئەيلەر نې يەردە ئەسەر.
ئوشۇل يەرگە يەتكەندە بى ئىختىيار،
سەرايەت قىلىپ دېر ساڭا ھەرنە بار.
دېدىيۇ يىبەردى بۇ تەدبىر ئىلە،
غەمىن ئاڭلاغاي تا بۇ تەزۋىر ئىلە.

## فېرۇزە خىلۋەت قىلىپ غەمىن ئولتۇرغاندا ئايتغانى

چۇ فېرۇزە راي ئول سىفەت راي ئىلە
قوپۇپ بارسە دەردۇ غەمى نې بىلە.

بۇ يەتكەندە فىرۇزە شاھ ھەزىن،
قىلىپ خىلۋەت ئولتۇرغان ئېركەن غەمىن.
ئۆز-ئۆزى بىلە ئايتىشىپ قىسسەسىن،
ئىچىندە نىھان ساقلاغان غۇسسەسىن.
كە نەچچە بۇ غەمنى ئىچىمدە تۇتاي،
نەچە فىكرۇ ئەندۇھ بىلە قان يۇتاي.
ئىچىم تولدىيۇ تاشتى بۇ غەم بىلە،
دېمەي مۇنى بىر يارى ھەمدەم بىلە.
يەتىشتى بۇ ھالەتدە فىرۇزە راي،
دېدى: ئولتۇر، ئەي مەھرەمى دىلگۇشاي.

### فىرۇزە شاھغە فىرۇزراي سىرىڭنى ماڭا ئايتمايسەن دېپ گىلە قىلغانى

چۇ ئولتۇردى فىرۇز شەھ قاشىدا،
غەمۇ غۇسسەدىن كۆردى كۆز ياشىدا.
دېدى: ئەي شەھەنشاھى رويى زەمىن،
ناغۇ بۇ سىفەت ئولتۇرۇپسىن غەمىن.
نە كەمدۇر، نە يوقتۇر، نەدۇر ئارزۇ،
نې ئۈچۈندۇر تىيرەلىك غەم ناغۇ.
نەچۈك ئەيش ئېتەي دېسەڭ ئەسباب جەمئ،
نې كىم خاتىرىڭ ئىستەر ئەھباب جەمئ.
بارى سەرۋ قامەت بىيك ئوغلانلارى،
گۇلى سۇرخ يۈزلۈك يىگىتلەر بارى.
تۇرۇر جان بىلە خىزمەتىڭنى تىلەپ،
قىلۇر خىزمەتىڭ دەۋلەتىڭنى تىلەپ.
ۋەگەر بولسە مەھبۇبى زىبىا ھەۋەس،
پەرى چېھرەلىك شوخ رەئنا ھەۋەس،
شەھى مىسرۇ شامۇ ئىراقۇ ھىرى،
بۇخارا، سەمەرقەندۇ چىندىن بىرى.

دېمەك قايسى شاھنىڭ قىزى نىسبەتىن،
نە مانىئدۇر ئەي شاھ ئايتساڭ ئاتىن.
بىلىپ جان بىلە كوشىش ئەيلەپ ئانى،
سەنىڭ خىزمەتىڭغە كەتۈرسەك قانى.
غەمىڭنى كىشى بىلسە بولمايدۇرۇر،
بىلە ئالماي ئىش قىلسە بولمايدۇرۇر.
ئىشىڭ ئەيشۇ ئىشرەت بىلە قالمادى،
سۆزۈڭ ئەھلى سۇھبەت بىلە قالمادى.
ئاۋۇ قۇشقە ئاتلانماغىڭ بەر تەرەف
بولۇپ بارادۇر، جەمئىيەت بەر تەرەف.
جەمالىڭ گۈلى سارغارىپ بارەدۇر،
دېمەيسېنكە بۇ غەمگە نې چارەدۇر.
ئەگەر ھەر كىشىگە دېمەك مەسلەھەت
ئېمەس، ماڭا دېمەسكە نېدۇر جەھەت.
كە مەن بار ئېدىم مۆتتەسىل مەھرەمىڭ،
بىلە پۈتكەنۇ تۆرەگەن ھەمدەمىڭ.
نە بولدىكە بولدى نىھانى سۆزۈڭ،
ئىنايەت بىلە كۆرمەگەندېك كۆزۈڭ.
ئۇمىدىم① ئېمەس ئېردى سەندىن بۇ تەۋر،
كە جانىمغە قىلغان سىبىن ئاخىر بۇ جەۋر.

**فىروزە راي گىلە قىلغاچ فىروزە شاھ تۈش كۆرۈپ، ئۇن ئەشىتىپ، ئاشىق بولۇپ، ئويغانىپ، تۈشىن ياشۇرغانىنىڭ سەبەبىنى ئايتقانى**

چۇ مۇنداغ گىلە قىلغاچ ئول نېك خاھ،
خىجالەت تاپىپ شاھ فىروزشاھ

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «ايەديم» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئۇمىدىم» دەپ ئېلىندى.

دېدى: كەلگىل ئەي مېھرىبان ھەمدەمىم،
دەي ئالىڭدا ئېمدى نىھانى غەمىم.
بۇ ياڭلىغ كە ئاشۇفتەۋۇ خەستەمەن،
كۆرۈنمەس بەلايىغە دىل بەستەمەن.
نەچەكىم نىھان ساقلادىم ئىچدە غەم،
ھەزىن جانىمە ئاشتى ئانچە ئەلەم.
سېنۇ كىم ماڭا مەھرەمى راز ئېدىڭ،
نې ياڭلىغ ئىشىم بولسە دەمساز ئېدىڭ.
ئارامىزدا يوق ئېردى ئىش ياشۇرۇن،
نې ئىش بولسە بىر-بىرىمىزدىن بۇرۇن
دېيىشۇر ئېدۇك ياخشىيۇ گەر يامان،
ئارامىزدا سۆز قالماس ئېردى نىھان.
بۇ سىررىمنى سەندىن نىھان ئەتمەكىم،
سەنى مۇنداق ئازۇردە جان ئەتمەكىم
ئانىڭ ئۈچۈن ئېردىكە دېرلەر كىشى،
كۆرۈپ ۋاقىئە زاھىر ئېتكەچ ئىشى.
تاپىپ رەۋنەق ئول ئىش ئاچىلماس ئېمىش،
تەلەبكار ئېل ئۇ ئىشنى قىلماس ئېمىش.
ئاچىلماق ئۆتۈپ، ئۆتتى جانغە ئەلەم،
ۋۇجۇدۇمنى باشدىن ئاياغ تۇتتى غەم.
ئەزەلدىن ئاتىڭدۇر چۇ فىرۇز راي،
كۆرەيكىم ماڭا كۆرسەتۇرسېن نې راي.
دېدىيۇ ئايىتتى بارى ھالىنى،
بارى كۆرگەن، ئەشىتكەن ئەھۋالىنى.
ۋەلى ئول پەرىزاد دىلدارىنى
كۆرە ئالمايىن چەككەن ئازارىنى
دېپ ئايىتىپ تۇگەتمەي يەپ ئارمانىنى،
سالۇر ئېردى ئوتغە ھەزىن جانىنى.

## فىروز رايى فىروز شاھنىڭ تۇش كۆرۈپ ئاشىق بولغاننى بىلىپ نەسىھەت قىلغانى

چۇ فىروز بىلدىكە فىروز شاھ،
كۆرۈپ ۋاقىئە بولمىش ئەندۇھ خاھ.
ئايىتتىكىم: ئەي شەھرىيارى جەھان،
يامان كۆزدىن ئولسۇن جەمالىڭ نىھان.
بۇ ياڭلىغ كە ۋاقىئە بولۇپدۇر ساڭا،
نەسىبە يۈزى ئۆرۈلۈپدۇر ساڭا.
جەمالىنى كۆرسەتسە ئېردى ھەبىب،
ياقىندا كۆرەر ئېردىڭ ئۇشبۇ نەسىب.
بۇ كىم يۈزىنى كۆرمەي ئول يارنىڭ،
سەنى زار قىلغان دىل ئازارنىڭ.
ئاچىلمىش كۆزۈڭ ئۇيقۇدىن ئۇن بىلە،
قالىپسىن بۇ ھالى دىگەرگۇن بىلە.
نە ئىمكان خۇد ئەلبەتتە رەھمانىدۇر،
بۇ شەھزادە فىروزنىڭ جانىدۇر.
نەسىب ئولماي ئاخىر نى ئىمكانى بار،
تىلەگەي كىشى مۇنى تا جانى بار.
ۋەلى ئالەم ئەھلى ئاراسىغە بۇ
تۇشۇپ قالماسا ياخشى بولغاي غۇلۇ.
كە ئالەمدۇرۇر بارچەدىن باردۇر،
يامان، ياخشى دىگۈچى بىسياردۇ.
كىشى تۇش كۆرۈپ تۇشكە خۇرسەند ئولۇپ،
تۇشىندەكى دىلبەرغە دىلبەند ئولۇپ،
جەھان لەززەتىن كامىغە تەلخ ئېتىپ،
ئۆزۈپ ئېلدىن ئۇلفەت ئۆزىدىن كېتىپ.
نى ئىشدۇر بۇ ۋە بۇنى سەۋدا دىگەي،
نەچە بولغاي ئولكىم بىلىپ غەم يىگەي.

ئەھمەد ئۇل قىلىپ سىرنى پىنھان تۇتۇپ،
نەچچە بولسا خۇنابە ئىچىدە يۇتۇپ.
بۇرۇنقىدىك ئېل بىرلە ئويناپ-كۈلۈپ،
تۈزۈپ ئەيش بەزمىنى خەندان بولۇپ،
گەھى ئاتلانىپ ئاۋغا كە قۇش سالىپ،
ئىنايەت بىلە خەلق كۆڭلىن ئالىپ.
كۆڭۈلنى تەنەئئۇمغە مەشغۇل ئېتىپ،
تەنەئئۇم بىلە غەم يولىن بەركىتىپ.
كىشىگە بۇ ھالەتنى بىلدۈرمەيىن،
كىشى فەھمىغە فەھم قىلدۇرمايىن.
تەھەممۇل بىلە ئەيش سۈرمەك كەرەك،
سالىپ تەگرىگە ئىشنى كۆرمەك كەرەك.
كە ھەقدىن نەسىب ئولغان ئولسا ئول ئاي،
مەھەللىدە كۆرسەتكۇسىدۇر خۇداي.
ناغۇ مۇنچە غەم بىلە ئۆزنى خەراب
قىلىپ، شاھىم ئەتمەك كەرەك ئىزتىراب.

**فېرۇز شاھ فېرۇزرايغە سىرنى كىشىگە ئايتما دېگەنى ۋەلى ئاتاغە ئايىت، مەلىككە ئەرز ئەتسۇن، ئاۋغە ئاتلانىپ چىقسەلەر، گەيىك ئاتقۇلاب كۆڭۈل ئاۋلاساق دېگەنى**

بۇ ياڭلىغ دېگەچ ئاڭا فېرۇز راي،
ئايىتتى: بەس، ئەي ھەمدەمى دىلگۇشاي
دېدىم ساڭا بۇ ئىشنى سېن بىلۇ بەس،
كىشى سەندىن ئۆزگە ئەشىتكەن ئېمەس.
تەھەممۇل قىلاي پېيشەۋۇ سەبر ئېتەي،
كۆڭۈل ئۆيىنى غۇسسەدىن بەركىتەي.
ۋەلى سېن داغى تۇت مۇنى ياشۇرۇن،
ئاتاڭ سورسا ھەم قىلمە زىنھار ئۈن.

مۇنى ئايت ئاتاڭغە كە شەھزادە دېر،
ئېرۇر شەھر بسيار دىلگىر يەر.
شەھ ئالىندا ئەرز ئەيتسەكىم شەھ ئۆزى
ئەگەر قىلسەلەر مەيل سەھرا يۈزى،
بەغايەت لەتىفۇ خۇش ئايەندەدۇر،
كۆڭۈلكىم گىرىھدۇر كىشانىدەدۇر.
نەچە ۋەقت سەھرانىشىن قىلسەلەر،
غەزال ئاۋلابان لالە چىن قىلسەلەر.
ئەگەر بىلسە كىم شاھ بى مەيل ئېرۇر،
قوشۇپ ئېلنى بىزگە ئىجازەت بەرۇر.
بارىپ نەچە كۈن يۈرۈپ ئاۋ ئاۋلاساق،
كەيىك ئاتقۇلاشساق، قۇلان قوۋلاساق.

## فېرۇز راي سەلىم ۋەزىرغە فېرۇز شاھنىڭ ئاۋ مەسلەھەتى قىلغانىنى ئايتغانى

بارىپ چۈن ئاتاسىغە فېرۇز راي،
دېدى كۆردى شەھزادە بۇ تەۋر راي.
كە سەھرا يۈزىدۇر گۇلۇ لالەزار،
كۆڭۈلدىن غەم ئېلتۇرۇ كۆزدىن غۇبار.
چىقىپ شاھۇ شەھزادەۋۇ ئەھل بارى،
تۇتۇپ كوھۇ سەھرا يۈزىن ھەر سارى.
تەماشاۋۇ ئەيشۇ سۇرۇر ئەتسەلەر،
كۆڭۈل ئىستەگەندىك ھۇزۇر ئەتسەلەر.
ئۇلۇسنى گەھى ئاۋغا تارقاتسەلەر،
ھەۋەسلىك يىگىتلەر كەيىك ئاتسەلەر.
نەچە شەھر ئىچىدە بۇ تەۋر ئولتۇرۇپ،

كۆكۈللەر ئاچىلسۇن دەيلى تىلەك① تۇرۇپ.
ئەگەر شاھ ئۆزى چىقماسا ئاتلانىپ،
بولۇرمۇ بارىپ كېلسەك ئاۋلاپ يانىپ.

**سەلىم مەلىككە فىروز شاھنىڭ ئاۋ ھەۋەسى قىلغانىنى ئايتىپ، مەلىك ئاۋ جارى قىلدۇرغانى**

سەلىم جەھان دىيدە خۇش ئەشىتىپ،
خىيالىدا ئۇلارنى تەئيىن ئەتىپ.
شەھ ئالىندا بارىپ چۇ ئەرز ئەيلەدى،
ئۆزى بارماغىن شاھ فەرز ئەيلەدى.
كە نې ئۇچۇن ئۆزۈم بارماي ئانىڭ بىلە.
يۈرۈمەي جەمالىن تەفەررۇج قىلە.
بۇ يەرگە يەتىپ ھاسىلىم ئولدۇرۇر،
كۆرەر كۆزۈ جانۇ دىلىم ئولدۇرۇر.
ئانىڭ بىرلە ئالەمدە خۇرسەند مەن،
ئانىڭ بىرلە يەر يۈزدە بەندەمەن.
يوق ئېرسە ماڭا ئانسىزىن نې ھەيات،
قالىپ ماڭا تېلەك تىرىكلىكدىن ئات.
ئۆلۈپ ئۆلەن ئول گەر سەلامەتدۇرۇر،
تىرىكلىك ماڭا ئانسىز ئافەتدۇرۇر.
يىغىلسۇن ئۇلۇغۇ كىچىك، خاسۇ ئام،
يىبەرگىل تەۋاچىلەر ئېلگە تەمام.
سەلىم جەھان دىيدە ئولدەم چىقىپ،
مەلىك ئالدىن شادۇ خۇررەم چىقىپ،
تەۋاچىلەر ئەتتى رەۋان ھەر سارى،
كىم ئۆچ ئايلىق ئەيلەپ ياراغ ئېل بارى.
يىغىلسۇن كە شەھزادە فىروز شاھ

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «دېلى تك» شەكلىدە يېزىلغان. مەنە جەھەتتىن باشقىچە چۈشىنىشكە مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

چىقار ئاۋغە ھەم شاھى ئالەم پەناھ.

**مەلىك ۋە فىرۇز شاھ ئاۋغە ئاتلىنىپ چىقىپ، مەلىك فىرۇز شاھنىڭ چابۇكلۇقىغە قوۋانغانى**

تەۋاچى يورۇپ ئىلگە چۇن جار ئەتىپ،
بارى ئىلگە جارى تەۋاچى يەتىپ،
يىغىلىپ ئۇلۇس، ئاتلانىپ چىقتى شاھ،
جەھاننىڭ يۇزىن تۇتتى خەيلۇ سىپاھ.
كە چۇن بولدى ① شەھزادە بىرلە سەۋار،
ئاچىپ زۇلفى سۇنبۇل يىگىتلەر ئۇزار.
چىقىپ ئىردىلەر ساچراتىپ ئىلگەرى،
بارى بىر قۇراملىق بىك ئوغلانلارى.
خىجالەت تاپىپ سەبزەۋۇ لالەزار،
ئاياق ئاستىدا قالدىلار خاكسار.
بارىغە نەزەر ئەيلەسە شەھرىيار،
بارىدىن ئىرۇر ئوغلى چابۇكسەۋار.
نىچۇككىم ئىرۇر ھۇسنىدە پاكراك،
ئىرۇر پاكدىن چۇستۇ چالاكراك.
قوۋانىپ جىگەر بەندىغە ئول زەمان،
قىلىپ شۇكر پەرۋەردىگارى جەھان.
دىدى جار ئەتىڭ تاڭلا ئاۋ ئاۋلالى،
كۆڭۈللەر مۇرادىچە قۇش قاۋلالى.
كەيىك ئاتقۇلاپ بولسە فىرۇز شاد،
شىكەستە كۆڭۈللەرگە ئولدۇر مۇراد.

**مەلىك ئاۋنى ئىھتىمام قىلىپ، ئارادىن كىيىك ئۆتكەرمەسۇنلار دىيىپ تۇتقا قىلغانى**

① بۇ يەر يازما نۇسخىدا ئاۋال «چون بردفعە» دەپ يېزىلىپ، كېيىن ئالدى تەرەپكە «كە»، ئۈستىگە «بولدى» دەپ تۈزىتىپ قويۇلغان. بىز تۈزىتىلگەننى بويىچە «كە چۇن بولدى» دەپ ئالدۇق.

تاپىپۇ ئۇلۇس كېلدى چۈن جەمئ ئولۇپ،
چەرىك قالدى سەھرا يۈزدگە تولۇپ.
يۈرۈتتۈردى تۇفقال كىم ھەر كىشى
دېسەكىم تاپار رەۋنەق ئارتىپ ئىشى.
تۈزۈك چەرگەلەپ چەرگەدىن قالماسۇن،
قىلىپ جەھد ئارانى ئاچۇق قالماسۇن.
ئاراسىدىن ئۆتكەرسە ھەر كىم كەيىك،
مۇنى جەزم بىلسۇن كە قالماس تىرىك.
نەچە تەربىيەت قىلغانىم بولسە ئول،
بەرىپ شەھر - ئۇلۇس، بىلگەنىم بولسا ئول
كېيىك سانىدا پارە قىلغۇمدۇرۇر،
ھەمۇل لەھزە ئەۋۋارە قىلغۇمدۇرۇر.

**فېرۇر شاھنىڭ ئالىدىن كەيىك ئۆتۈپ، قوۋلاپ بارىپ تۇش كۆرگەن چەھار باغنى تاپىپ، پەرىزادلار ئانى كۆشكەكە ئالىپ، پەرىزاد رەئنا قاشىغە كەلتۈرگەنلەرى**

چۇ مۇنداق قىلىپ ھۆكم ئەتىپ ئىتتىفاق،
يىبەردى ئۆتۈ ھەر سارى بەش قوناق.
ئارا ئۆزمەيىن ئېل يۈرۈپ سەر بەسەر،
نې دەشتۇ نې سەھرا، نې كوھۇ كەمەر.
يىغىپ ھەر سارىدىن سۈرۈپ كەلدىلەر،
جەھاننىڭ قەرنەيىن ① تۈرۈپ كەلدىلەر.
نېكىم بۇ بىياباندا جاندار ئېدى،
چىقائالماي ئول ئورتادا زار ئېدى.
يىغىلىپ تۈمەن مىڭ كېيىك ھەر تەرەف،
تۈزۈپ تۇرۇپ ئېردى نەچە يەردە سەف.

---

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆزنىڭ يېزىلىشى ئېنىق ئەمەس. بىز «قەرنەيىن - ئىككى مۈڭگۈزلۈكلەر» بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدۇق.

كە ناگەھ ئۇلاردىن بىرى ئايرىلىپ،
ئۆتەر سەئىن ئەيلەپ ئۇرۇنۇپ كەلىپ.
ئۆتە ئالماي ئەھلى سىپاھ ئالىدىن،
كەلىپ ئۆتتى فىرۇز شاھ ئالىدىن.
بۇ ۋاقىئەنى چۇن كۆردى فىرۇزە شاھ،
كېيىك ئالىدىن ئۆتتىيۇ تۇتتى راھ.
سوڭىغە تۈشۈپ قوۋلاپ، ئاخىر ياقىن
يەتىپ كۆرسە بىر جانۋەرى نازەنىن.
كە ھەرلەھزە بىر رەڭگى زىبا بىلە،
كۆزىگە كۆرۈنۈپ قاچار تاب ئىلە.
باقار ئۆرۈلۈپ ھەر زامان شاھغە،
كۆزى تەلمۈرۈپ شاھ دىلخاھغە.
ئالىپ ئېردى ئاتماق ئۈچۈن ياغە ئوق،
دېدىكىم نې مەئنى ① بۇ رەئناغە ئوق.
ئاتىپ ئەيلەگەيسەن مۇنى خەستە ھال،
كە ئالەمدە بولماس مۇنىڭدېك غەزال.
قىلىپ ھەلقە بويىنىغە زەررىن كەمەند
سالاي، تا تۇتۇلغاي ماڭا بىگەزەند.
دېدىيۇ كەمەندىغە ئۇردى ئىلىك،
كەمەند ئولغۇچە ھەلقە سۈردى كېيىك.

ئايىردى تۇۋاغ شاھنىڭ رەخشىدىن،
كۆرۈپ قالدى شەھ تېك ئانىڭ نەقشىدىن.
بۇ كېز تۇند بولدى كە تا يەتمەيىن،
يىقىپ بويىنىنى ھەلقە بەند ئەتمەيىن،
نې ئىمكان كە مۇندىن سالىپ يانغامەن،

---

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «يەئنى» يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «مەئنى» قىلىپ ئېلىندى.

مەگەر تۇتسام ئانى ئالىپ يانغامەن.
ئاتىن قامچىلاپ قاۋدى قاۋغانىچە،
كېيىك ھەم قاچىپ باردى بارغانىچە.
نەچە كىم سۇرۇپ رەخشى ئىلدامىلادى،
كېيىك داغى ئانچە يىراق چامىلادى.
ئارادا نەچە دەشتۇ سەھرا قالىپ،
كېيىك شەھنى ئول يەرگە كېلدى ئالىپ.
كە بىر كوھى زەرردىن يەكپارەئى،
باشىدىن ئاياق ئۇيلە ھەمۋارەئى.
كە قۇنماق ھەۋەس قىلسە ئاندا مەگەس،
قونۇپ توختاماغلىغى مەئلۇم ئېمەس.
يوقارى نەزەر قىلسە كۆز يەتكۇسىز،
ئانىڭ ئۇستىيۇ كۆكنى فەرق ئەتكۇسىز.
ئوق ئاتسە يەتەر يەرگەچە زىنەپا،
تۇشۇپ ئاندا دەرۋازەئى دىلگۇشا.
يەتىپ چىققاچ ئول زىنەپادىن كېيىك،
چىلاۋ چەكتى شەھزادە تىشلەپ ئىلىك.
كىم ئايا بۇ نې جايۇ مەنزىلدۇرۇر،
مەگەر مۇددەئا مۇندا ھاسىلدۇرۇر.
دېپ ئاتدىن تۇشۇپ، زىنەپاغە قەدەم
قويۇپ ئېردىكىم يەتتى فېرۇز ھەم.
ئىزىندىن مەلىكزادەنىڭ قالمايىن،
يەنە ئۆزگە سارى نەزەر سالمايىن.
كۆرۇپ ئانى شەھزادە خۇشھال ئولۇپ،
ئالىپ كۆڭلى قۇۋۋەت خۇش ئەھۋال ئولۇپ.
، ئاڭا دېدى: ئەي ھەمدەمى باۋەفا،
يەنە مۇندا ھازىر بولاي مەن ساڭا.
سېن نۇشمۇندا تۇر، مەن چىقىپ ھالنى

تۆشەيىن كۆرۈپ - بىلىپ ئەھۋالنى.
قەدەم قويدىيۇ چىققى دەرۋازەغە،
سەئادەت ئېشىك بۇ گۇلى تازەغە.
ئاچىپ كىرگەچ ئوق سالسە كۆز ھەر قايان،
مۇئەييەن ئېرۇر بۇ ئوشۇل گۇلىستان.
كە تۆشىدە كۆرۈپ ئۇنى ئېشىتىپ،
بولۇپ ئېردى بىدار ئۆزىدىن كېتىپ.
قىلىپ ۋەھم يانە بۇ ھەم تۆش بولۇپ،
مەن ئويغانمايىن يانە ناخۇش بولۇپ.
دېپ ئىلگەرى قويغاچ قەدەم ئول رەۋاق
كۆرۈنۈپ كۆزىگە ھەم ئەيۋانۇ تاق.
پەرىزادلار جەمئ ئولۇپ ئالىغە،
رەۋاق ئۆستىدىن ئۆرلەپ ئالىغە
تۆشۆپ ئىلىك ئىلىككە ئالىپ رەۋان،
رەۋاق ئۇزرە چىققىلار ئالىپ خۇشان.

**فېرۇز شاھ پەرىزاد رەئنانى كۆرۈپ بىخۇد بولغاندا پەرى باشى ئۆستىگە كەلىپ، باشىنى قوينىغە ئالىپ، تەختدە بىلە ئولتۇرۇپ مەجلىس تۈزگەنى**

ئالىپ ئاندا كىم ئول پەرىزاد ئېدى،
كىنگۆردىلەر ئول سەرۋ ئازاد ئېدى.
چۇ شەھزادە كىردىيۇ قىلدى نەزەر،
رەۋاق ئىچرە ھەر يان پەرىزادلار.
بارى سەرۋ قامەت، بارى گۇلئۇزار،
بارى زۇلفى مۇشكىنلەرى مۇشكبار.
ۋەلى يوققارى باقسە بىر سەرۋناز،
كىشى ئاگا يۈز قاتلا جان بەرسە ئاز.
قىلىپ جىلۋە تەخت ئۈزرە يۈز ناز ئىلە،

تەكەللۇم قىلىپ نازۇك ئاۋاز ئىلە.
بۇلار بىرلە ئۈي گۇلشەن، ئول گۇل بولۇپ،
بۇلار بارچەسى ئاڭا بۇلبۇل بولۇپ.
ئانىڭ ئالىدا جامى گۇلگۇن چەكىپ،
ھەرىسى ئانىڭ ھۇسنىغە كۆز تىكىپ.
ۋەفاسى ئانىڭ بارىنىڭ جانىدا،
بارىسى ئانىڭ ئەمرۇ فەرمانىدا.
قويۇپ ھەر سارى سەندەلى زەرنىگار،
تاپىپ ھەر بىرى ئۆز يەرىندە قەرار.
ھەزىن نالە بىرلە خۇش ئاۋازلار،
قىلىپ نەغمە ئول نالە دىلسازلار.
بارى نەشائە بىرلە سەرەنداز ئىدى،
ئانىڭ نەشائەسىدىن سەرەفراز ئىدى.
نەزەر قىلغاچ ئول سەرۋ رەئناغە شاھ،
ھەزىن جانىدىن تارتىبان ئوتلۇغ ئاھ.
يىقىلدى ئۆزىدىن بارىپ سارغارىپ،
قوپۇپ ئول پەرى باشى ئۈزرە بارىپ،
ئالىپ باشىنى قوينىغە، ئىلكىنى
سالىپ قوينىغە، بوينىغە ئىلكىنى.
دېر ئېردى: نې بولدىكە بۇ نامۇراد،
كۆرۈپ بىزنى قالماي مۇڭا ئەقلۇ ياد،
يىقىلدى ئۆزىدىن بارىپ، سارغارىپ،
بىزنىڭ مۇلكۇمىزدە تۇشۇپدۇر غەرىب.
قىلىپ مېھرىبانلىغ، گۇلابۇ ئەبىر
سەپىپ يۈزىگە، كۆكسىگە دىلپەزىر.
كۆز ئاچسە ئۆزىگە كەلىپ شەھرىيار،
ئالىپ قوينىغە باشىن ئول گۇلئۇزار،
قىلۇر مېھرىبانلىغنى غەمخارىدىك،

نەچە يىل بىلە بولغان ئۆز ياردىك.
بۇ ھالەتنى كۆرگەچ قىلىپ چېھرە زەرد،
يەنە باردى ئۆزدىن چەكىپ ئاھى سەرد.
كە بۇ نې سەئادەتدۇرۇر، تۇش ماڭا،
بۇ ئويغاغلىق ئېركىنمۇ يا تۇش ماڭا.
نەچە مۇنداق ئۆزدىن بارىپ كە كەلىپ،
ئاڭا گۇلدېك ئول نازەنىن ئاچىلىپ.
تۇتۇپ ئىلكىدىن ئول، بۇ ئاخىر قوپۇپ،
تەۋازۇئ يۈزىدىن ئاياغىن ئۆپۈپ.
ئىكۇلەن بولۇپ تەخت ئۈزە ھەمنىشىن،
بارى شوخلار، ھەر تەرەف نازەنىن.
پەرىزاد ئەتىپ ھۇكم، بىر گۇلئۇزار
قوپۇپ تۇتتى جامى مەيى خۇشگەۋار.
پەرىزاد ئالىپ تۇتتى شەھزادەغە،
ئالىپ جان بەرەيازدى ئول بادەغە.
چۇ بىر نەچە پەي دەرپەي ئولغاچ ئاياغ،
چىقىپ بادە باشقە قىزىتتى دىماغ.
تىلەر بولدى ھەرلەھزەكىم شەھرىيار،
پەرىزادنى ئەيلەگەي دەر كەنار.
ۋەلى ناز ئېتەر ئېردى ئول سەرۋىناز،
پەرى قىزلاردىن قىلىپ ئىھتىراز.

**پەرىزاد فىرۇز شاھغە ئەسل ۋە نەسەبىنى ۋە بۇ مەنزىلدە بولغان جەھەتىنى ۋە شەرتلەرىنى ئايتغانى**

چۇ كۆردى كە شەھزادەغە پىچۇ تاب
تۇشۇپ، كۆرسەتە باشلادى ئىزتىراب.

دېدى: ئاڭلاغىل مۇنى ئەي شەھرىيار،
بۇ گۈلچېھرەلەر كىم ھۇزۇرۇمدا بار.
پەرى قىزلاردۇر بارى، مەن داغى،
ھەمىشە بۇ ياڭلىغ فەراغەتداغى.
ئاتامدۇر پەرى خەيلىنىڭ سەرۋەرى،
ھەۋاخاھىدۇرلار ئاتامنىڭ بارى.
ئېرۇر شەھرى زەررىن ئاڭا پايىتەخت،
ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئاتى تاجى بەخت.
ئانامنىڭ ئاتى ماھى رويى زەرىق،
يوق ئانداغ جەھان ئىچرە زاتى شەرىق.
ئاتارلار مەنى نازبو سەرۋىناز
سورار شەھلەر ئالىمدا رويى نىياز،
ئاتام ھۆكمى بىلە بۇ مەنزىل بولۇپ،
مېنىڭ خاتىرىم مۇندا مايىل بولۇپ،
بۇ گۈلشەننى دېرلەر ئىرەم گۈلشەنى،
چېكىپدۇر مۇنۇڭ خۇش ھەۋاسى مەنى.
تۇشۇپمەن ئاتادىن، ئانادىن يىراق،
ئۇلار بىرلە مۇنداق قىلىپ ئىتتىفاق.
كە ھەرشاھۇ شەھزادەئى خۇش سىيەر،
ۋىسالىمدىن ئولماق تىلەر بەھرەۋەر.
بۇ مەنزىلگە كىم مۇددەئا كېلتۇرۇر،
بار ئۇچ شەرتىم ئول گەر بەجا كەلتۇرۇر.
مەن ئانىڭ مەنۇ تاجۇ تەختىم ئانىڭ،
نېكىم ھاسىلۇ بەختۇ رەختىم ئانىڭ.
پەرىدىن نەچە شاھۇ شەھزادەلەر،
يۈزى گۈل، قەدى سەرۋى ئازادەلەر.
ۋىسالىم ھەۋاسىدا ئۆرتەندىلەر،

بۇ ئۈچ شەرتنى ئۆتەمەيىن ياندىلەر.
ۋە لېكىن سىېن ئادەم شەھى ئوغلىسەن،
ئېرۇر ئادەم ئوغلىدا بىسيار فەن.
دېسەڭ شەرتلەرنى بەجا كەلتۈرەي،
سەنى ھەم قىلاي ئىمتىھانۇ كۆرەي.
دېدى: ھەرنە شەرتىڭ بار ئەي ناز بوي،
دېگىل، ھەق سەئادەت سارى بەرسە روي،
بەجا كەلتۈرۈپ بولغامەن كامران،
ۋىسالىڭ گۈلىستانىدا شادمان.
380 دېدى: شەرت بۇدۇر كە ئۈچ قاتلەمەن
ئۇيۇقلارمەن، ئولتۇرۇپ ئۈچ قاتلەسىېن
ئاتىمنى تۇتۇپ قاتىغ ئۈن قىلمايىن،
بويۇمغە ئىلىكىڭ ياقىن كەلمەيىن
مەنى بىر لەتافەت بىلە ئويغاتىپ،
خۇشان ئەيلەسەڭ شىيۋەئى كۆرسەتىپ.
ھەر ئۈچ شەرتكىم بار بۇ ھالەتدۇرۇر،
نې مانەندۇر ئېمدى كە فۇرسەتدۇرۇر.

**پەرىزاد شەرت ئۇيقۇسىغە بارىپ، فىرۇزشاھ ئىلپامى ئىلاھى بىلە تەختىدىن ھەسبى ھال سورغانى**

چۇ ئولدەم كۈن ئاقشام بولۇپ ئېردى، جەمى
ئىجازەت ئالىپ باردىلار، كەلدى شەمئ.
385 پەرىزاد ئۇيقۇغە سالدى ئۆزىن،
مەلىكزادە ئولتۇردى كۆرۈپ يۈزىن.
تەفەككۇر بىلەكىم نې ئىش كۆرسەتەي،
نې فەن بىرلە بۇ شوخنى ئويغاتاي.

ئىنايەت قىلىپ خالىقى زۇلجەلال،
خىيالىغە يەتكۈردى مۇنداق خىيال.
كە بۇ تەختى زىيبا كە بۇناز بوي
ياتىپدۇر، ئانىڭ بىرلە قىل گۇفتى گوي.
خىيالىغە كەلگەن خىيالى ياقىپ،
دۇرۇست ئولتۇرۇپ، تەخت سارى باقىپ.
ئايىتتىڭكىم ئەي تەختى فىرۇزى بەخت،
ئىنايەت قىلىپ ھەق سەنى قىلدى تەخت.
پەرىزاد ناز ئۇيقۇسىغە بارىپ،
باقىپ ئولتۇرۇپمەن تۇشۇپ ئىش غەرىب.
ئىپل ئۇيقۇداۋۇ تۈن بەغايەت ئۇزۇن،
سىن ئالىمداۋۇ مەن غەمىن يالغۇزۇن.
جەھاندىن نىپلەر ئەيلەدىڭ سەرگۇزەشت،
يەرىڭ بۇرنا باغ ئىردى يا كوھۇ دەشت
نې هالۇ نې تەقرىب ئىلە بۇ سىفەت،
تۇشۇپ مۇندا بولدى ساڭا تەخت ئات.

**تەخت هال تىلى بىرلە فىرۇز شاهغە سەرگۇزەشت هالىن هىكايەت قىلىپ، فىرۇز شاهدىن كەلگەندىن سۇئال قىلغانى**

بەرىپ قۇدرەت ئولدەم ئاڭا زۇلجەلال،
دىدى هال تىلى بىلە ئەرزى هال.
كە ياخشى سوئال ئەتتىڭ ئەي شەهرىيار،
دىيىن ئەرزى هالىمنى بول هوشيار.
مەنىڭ هەم ئىچىمدە فەراۋان ئەلەم،
فەلەك جەۋرىدىن ئىردى ئايتاي بۇ دەم.
مەن ئەۋۋەل ئىدىم مىسر سەهراسىدا،

بىرەر ئۇلدىزىم نىل دەرياسىدا.
تۇتۇپ ھەريانىم بىر ياغاچسىز دەشت،
بارى ئىشرەت ئەھلىگە ئول جايى گەشت.
تۆپىمدە تۆشۈپ يانە بىرچەشمە سار،
تۇتۇپ ھەر يانىمنى گۇلۇ لالە زار.
يىگىتلەر كەلىپ ئاندا جەۋلان قىلىپ،
بەھار ئەۋۋەلى كويى غەلتان قىلىپ.
گەھى ئولتۇرۇپ بادە نۇشان ئۇلۇپ،
بولۇپ مەست سايەمدە غەلتان ئۇلۇپ.
بارۇر ئېردىلەر ئەيشۇ ئىشرەت قىلىپ،
دەمى خۇش كۆرۈپ خۇش فەراغەت قىلىپ.
كەمالىمغە يەتكەندە، ھەر سارى يۈز
كىشىگە تېگەر ئېردى سايەم تۆكۈز.
ھەر ئۆتكەن مۇئەززەم جەھان شەھلەرى،
كەلىپ نەچە قاتلا بەھەم لەشكەرى.
تۆپىمدە تۆشۈپ ئىستىراھەت قىلىپ،
ھەۋا ئىسسىغىدا فەراغەت قىلىپ.
گەھى بەشۇ ئالتىيۇ يەتتى قونۇپ،
تۇرۇپ ئۆنچۆپ ئاسۇدە كەتتى قونۇپ.
نەچە مۇددەتۇ فۇرسەتۇ ئايۇ يىل
ئۆتۈپ ئاقىبەت دەھر يامان كەسەل-
قارىلىغنىڭ ئاسىبىنى يەتكۈرۈپ،
كىلۇر بولدى شاخىم ئۇچىدىن قۇرۇپ.
نەچە مۇددەت ئانداغ بەرىپ شەرۇشور،
قارىلىغ تەمامى ۋۇجۇدۇمغا زور.
قىلىپ ئاخىرۇلئەمر باشدىن ئاياق،
قۇۋاردىم بۇدۇر بارچەغە سوڭ ئاياق.

ئۇشۇل چەشمە زارۇ ئۇشۇل سەبزۇدەشت،
قۇرۇپ بولدى بىر شورەزارۇ بەلەشت.
ئۇشاندا كىشى، سەبزەۋۇ لالەزار
بار ئېردى دېسە يوق ئېدى ئېتىبار.
نەچە يىللار ئانداغ تەنىم خۇشك ئولۇپ،
گۈلۈ سەبزەدىن بەريانىم خۇشك ئولۇپ.
نەھايەتدىن ئارتا تېگىپ يېل - ياغىن،
ئۇچۇرۇپ، سۇرۇپ ئېلدىزىم تۇفراغىن.
ئاچىلىپ قالىپ ئېلدىزىم بى مەدار،
ئېلىشىپ تۇرۇپ ئېردىم، ئاخىر گۇزار
ئۇرۇپ يىقتى بىر تۇند توفان كەلىپ،
مەنى سالدى يەر بىرلە يەكسان قىلىپ.
تەگىپ يەرگە شاخىم بولۇپ كۆل - كۆمەك،
ئاچىلدى تەنىمدىن نەچە يەردە رەگ.
نەچە ۋەقت ياتتىم بولۇپ خاكسار،
باسىپ غەم يەلىدىن تەنىمنى غۇبار.
ئۆتەر ئېردى بىر كۈن قالىن كارۋان،
بار ئېردى ئاراسىدا بىر كاردان.
ياغاچچىلىق ئولغان ئانىڭ پىيشەسى،
ياغاچ بابىدا ئەررەۋۇ تىيشەسى
جەھان ئىچىدە بى مىسل مانەند ئېدى،
نەچۈككىم دېسەلەر ھۈنەرمەند ئېدى.
نەزەر قىلدىيۇ كۆردى، خۇش مەۋجدار،
ياغاچ مەن ياتىپمەن بولۇپ خاكسار.
تۇرۇپ ئۇستۇنۇمدە قىلىپ ئېھتىمام،
قويۇپ بەند بەندىمغە ئەررە تەمام.
قىلىپ خۇلە - خۇلە بۇرۇن ئول ئانى،

تىلىپ تەختە ـ تەختە سوڭ ئۇل خۇلەنى.
خەچىرۇ تېۋەلەرگە يۈكلەتتۇرۇپ،
تۇشۇردى ئۆيىگە ئالىپ كەلتۇرۇپ.
ياغاچدىن نېكىم قىلغۇلۇق ئېردى ئۇل،
كىشىنى بۇيۇردى قىلىپ بەردى ئۇل.
قالىپ ئېردىم ئاندىن نەچە تەختە چۇب،
فەلەك گەردىشىدىن بولۇپ غۇسسە كۆپ.
كە كېلدى بىراۋ بۇ پەرىزاددىن،
تىلەي تەخت مىسلى يوق ئۇستاددىن.
ھەمۇل لەھزە بۇنيادى تەخت ئەيلەدى،
ئارادىن نەچە تەختەنى سايلادى.
نەچە رەندەۋۇ تىيشە، ئەررە سۇرۇپ،
تەمام ئىكى كۈندە بەھەم يەتكۇرۇپ.
مۇلازىمغە تاپشۇردىيۇ ئۇل مەنى
ئالىپ كەلدىيۇ مۇندا بۇ گۇل مەنى.
نىشەمەن ① قىلىپدۇر نەچە يىلدۇرۇر،
ماڭا مۇندا مەقسۇد ھاسىلدۇرۇر.
ئەگەرچە فەلەكدىن جەفاۋۇ سىتەم،
بە غايەت چەكىپ كۆردۇم ئەندۇھۇ غەم.
نەچە كىم يېدىم تىيشە ئۇستاددىن،
چەكىپ ئەررەۋۇ رەندە بىداددىن.
يۈز ئانچە نەسىب ئەيلەدى ھەق ھۇزۇر،
كە مۇنداغ پەرىزاد قويىنۇمدادۇر.
يەنە ئېمدى بىلمەنكى مۇندىن نەرى،
نېلەر بولغۇسىدۇر فەلەك ئىشلارى.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «نشىين» شەكلىدە يېزىلغان، بىز «نشىمەن — نىشەمەن» شەكلىدە ئالدۇق.

سىن ئەي شاھى ئالەم نى ۋاقىف بولۇپ،
تۇشۇپسىن بۇ مەنزىلگە تالىب بولۇپ.
كە كەلمەس بۇ يەرگە كىشى بى سەبەب،
نى ئېردى بۇ كېلمەكدە سەئىيۇ تەلەب.

**فىرۇز شاھ كېلگەن سەبەبىنى بۇ ھىكايەتغە ئۇلاپ،**
**پەرىزادنى بۇ تەقرىب بىلە ئويغاتقانى**

دېدى شەھكىم ئەي تەختى دىرىنە سال،
مۇنى سىن داغى ياخشى قىلدىڭ سوئال.
بىزنىڭ شەھرىمىزدىن بەھەم تۆرت يار،
چىقىپدۇرلار ئەيلەب سەفەر ئىختىيار.
بىرى كۆڭلىنى ئىلم ئىلە پەرۋەرىش
قىلىپ، بىلمەگەن ئىلمدىن ئۆزگە ئىش.
قىلىپ ھەرنەچە كۈندە خەتمى كەلام،
ئانىڭ بىرلە ئەۋقاتى ئۆتكەن تەمام.
يەنە بىرىسى زەرگەرى بى نەزىر،
نەچۈك ئىشكىم ئالتۇندادۇر دىلپەزىر.
ئانىڭدېك بىلىپ قىلغان ئېرمەس كىشى،
ئۇلۇسقە پىسەندىدە كېلگەن ئىشى.
بىرىسى داغى ۋەرزىشى تىيزكار،
ئاڭا قايچىيۇ ئىگنەدە ئىختىيار.
نېچۈك كەسسە ئانداغ تىكىپ كەلتۈرۈپ،
كىشى قىلغۇسىز فەھم ئانى كۆرۈپ.
بىرىسى ھەم ئۇستادى چۆمچەتەراش،
ئانىڭ بىرلە ئۆمرىندە قىلغان مەئاش.
ياغاچدىن نى تۈرلۈك ئىش ئەھلى جەھان
بۇيۇرسا، بولۇر ئېردى ئاندىن ئەيان.

ۋەلېكىن لەقەب ئاتا ئېل ئىچرە فاش،
بولۇپ ئېردى ئۇستادى چۆمچەتەراش.
بارۇر ئېردىلەر، بىر كۈن ئاقشام بولۇپ،
ئىككى تاغ ئاراسىدا كۈن كەم بولۇپ.
ھەم ئېردى ھەۋادا بۇلۇتدىن ئەسەر،
بەرۇر ئېردى يېلۇ ياغىندىن خەبەر.
پەناھى تاپىپ قونغالى ئىزتىراب،
قىلىپ بارسالار، بىر رەباتى خەراب
دۇچار ئولدىيۇ قوندى ئاندا ئۇلار،
قاراڭغۇ تۈن ئېردىيۇ يەر پۇرخەتەر.
دېدىلەركە ئۇشبۇ رەباتى كۆھۇن
زەرۇر ئولدىيۇ مۇندا بولدۇق بۇ تۈن.
تاڭ ئاتقۇنچە بۇ كېچە نەۋبەت بىلە،
بىراۋ ئولتۇرۇپ ئاتا ئۇيقۇ كېلە.
بىرىمىز قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئول ياتىپ،
يەنە بىرنى نەۋبەتتە ئول ئويغاتىپ.
قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئول داغى بى مەلال،
يەنە بىرگە نەۋبەتتە ھەم ئۇشبۇ ھال
بولۇپ، ئاتتۇرۇپ تاڭنى بىدار ئولۇپ،
بۇ تۈن ئۆزىمىزدىن خەبەردار ئولۇپ.
سەلامەت قوپۇپ تەبرەسەك ئېرتەلەپ،
تاڭ ئاتقۇنچە ھەقدىن ئەسەنلىك تىلەپ.
چۇ بۇ مەسلەھەت بىرلە چۆمچەتەراش
تۇرۇپ، ئۆزگەلەر قويدى ئۇيقۇغە باش.
ئۇيۇقلاپ ئۇلار، بۇ باقىپ ئولتۇرۇپ،
رەبات ئىچرە بىر تەختە چۇبى كۆرۈپ.
ئالىپ ئىلكىگە ئانى ئۇستادى كار،

چاپىپ قويدى بىر سۈرەتنى گۈلئۈزار،
ئاغزى كۆزى قاش، ئىلىكى ئاياق،
بارى بىر-بىرىدىن كەلىپ ياخشىراق
مۇكەممەل قىلىپ ئول سەنەم سۈرەتنى،
بۇ تەۋر ئۆتكەرىپ ئۆزىنىڭ نەۋبەتنى.
قويۇپ تۆردە ئانى نەمۇدار ئەتىپ،
باشىن قويدى دەرزىنى بىدار ئەتىپ.
قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئاچسا دەرزى كۆزىن،
سالا بەرمەيىن ئۇيقۇغە دېپ ئۆزىن.
تۇرۇر تۆردە بىر ئادەمى سۈرەتى،
سۇچۇپ قوپتى، ساچراپ كەلىپ ھەيبەتى.
كە بۇ كۆزلەرىمگە كۆرۈنگەن نېدۇر،
يالاڭاچ قويۇپ تۆردە تۇرغان نېدۇر.
كەلىپ ئېھتىيات ئىلە كۆرگەچ ئانى،
دېدى: ئېرمىش ئۇستادنىڭ قىلغانى.
چىقاردى بۇ ھەم بوغچەدىن ۋالەئى،
قىلىپ چىن بۇتنى چەھار دەھ سالەئى.
تىكىپ كۆڭلەكۈ نىمتەنە ئولتۇرۇپ،
مۇكەممەل سەرۇپا قىلىپ كەيدۇرۇپ
قويۇپ① ياتتى زەرگەرگە نەۋبەت قويۇپ،
ھەمىن كىم باشىن قويدى قالدى ئۇيۇپ.
قوپۇپ ئولتۇرۇپ تۆرگە باقسا بۇ ھەم،
تۇرۇبدۇر مۇكەممەل قوپۇپ بىر سەنەم.
تۇتۇپ كۆزىن ئەستەغفىرۇللا دېدى،
يەنە ئاچسا، كۆرسە يەرىندە ئېدى،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قوپۇپ» يېزىلغان بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «قويۇپ» دەپ ئېلىندى.

تۇشۇپ جانغە ۋەھم، ئۆزىدىن كەتىپ،
كەلىپ ئاقىبەت كۆرسە تەھقىق ئەتىپ.
قويۇپ ئىككى ئۇستاد ئىشىن كۆرسەتىپ.
ئۇيۇقلاپ ئىمىشلەر مۇنى ئويغاتىپ.
بۇ ھەم ئاختارىپ ئالىپ ئەسبابىنى،
دۇكان قۇرۇپ ئالتۇن ئالىپ تابىنى،
ئۆزۈكۇ ئىسىرغا، بىلەرزۇك قىلىپ،
بارىسىنى زىيباۋۇ نازۇك قىلىپ.
قۇلاغۇ ئىلىك، بىلەكىگە سالىپ،
سەھەر ۋەقتى موللاغە نەۋبەت قالىپ.
ياتىپ زەرگەر، ئويغاندى موللا سەھەر،
قوپۇپ ئولتۇرۇپ سالسە بۇ ھەم نەزەر،
تۇرۇر تۆردە بىر دىلبەرى نازەنىن،
قىلا ئالماغاي ئۇيلە نەققاشى چىن.
تەفەھھۇس① قىلىپ كۆرسە، ئۇستادلار
بارى كۆرسەتىپدۇرلار ئاندا ھۇنەر.
بولۇپ مۇندىن ئول لەھزە موللا غەمىن،
تەھارەت قىلىپ كەلىپ ئول پاك دىن
ئۆتەپ ئىككى رەكئەت نەماز ئول زەمان،
قىلىپ كۆزلەردىن ياشىنى رەۋان.
باشىن يەرگە قويدىكىم ئەي بىرۇبار،
سەنىڭ ھەزرەتىڭدە ئېرۇر ئاشكار.
كە چۆمچە تەراش ئەتتى تىيشە ئىشىن،
ھەمىشە بولۇپ تىيشەگە ھەمنىشىن.
ھۇنەر كۆرسەتىپ، ئابرۇلۇق بولۇپ

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «تەخەس» شەكلىدە يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «تەفەھھۇس» دەپ ئېلىندى.

قوپار ئۈيقۇدىن ھالى ئويناپ ـ كۈلۈپ.
قىلىپ دەرزى ھەم ئىگىنەئى خىزمەتىن،
تىكىپ كەيدۈرۈپ بۇ سەنەم خىلئەتىن.
قىلىپدۇر ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئادا،
ئۆز ئىشىندە قالمايدۇرۇر ئۇزر ئاڭا.
بولۇقە ئىشىنى قىلىپ ئىھتىمام،
ئانىڭ خىزمەتىدە بولۇپ سۇبھۇ شام
ھۇنەر خەرج ئېتىپ جانىن ئەيلەپ فىدا،
ھەم ئالتۇنچى قىلمىش ئىشىنى ئەدا.
مەنى بىدىل ئۆزگە ھۇنەر بىلمەدىم،
جەھان كەسبۇ كاردىن ھەۋەس قىلمادىم.
ھەۋەس ئەيلەدىم ئىلمى قۇرئانىڭا،
كۆڭۈل باغلادىم ئەمرۇ فەرمانىڭا.
بۇ كۈنلۈكتە بارچە ھۇنەرمەند ئولۇپ،
ھۇنەر كۆرسەتىپ ئاڭا خۇرسەند ئولۇپ.
بۇلارنىڭ ئاراسىدا مەن بى ھۇنەر،
بولۇپ قالسام ئەي دادەرى دادگەر.
خىجالەت تاپىپ بولسام ئىش بىلمەگەن،
نى ئىش قىلغان ئولغايمەنۇ تىلەگەن.
كەلامى ئەزىمىڭ ھەقى ھۇرمەتى،
مۇكەممەل بولۇپ بۇ سەنەم سۇرەتى.
مۇئەننەل سەنىڭ ئەمرۇ ئىھسانىڭا،
تۇرۇپدۇر باقىپ لۇتفۇ فەرمانىڭا.
كە جانى ئەتا قىلساڭۇ جىلۋە ساز
بولۇپ بۇ سەنەم، مەن داغى سەرەفراز
بولۇپ تاپقاي ئېردىم بەسى ئابرويى،
قىلا ئالماغاي ئېردىلەر گۇفتۇگويى
چۇ موللا بۇ ياڭلىغ دىل ئەفگار ئولۇپ،

باشىن يەڭگە قويدى تەلەبكار ئۇلۇپ.
ئىنايەت قىلىپ خالىقى با كەرەم،
رەۋا ئەيلەبان هاجەتىن ئۇشبۇ دەم.
ئەسىپ ئەبرى بەخشايەشىدىن نەسىم،
تاپىپ ئول سەنەمنىڭ دىماغى شەمىم
كىرىپ جان، ئۇرۇپ ئەتسە بولدى رەۋان،
تاڭ ئاتىپ، چىقىپ كۈن، يارۇدى جەهان.
بارى قوپتىلار ئويغانىپ ئۇيقۇدىن،
بولۇپ جىلۋەساز ئول سەنەم ئۇترۇدىن.
تىشى دۇر، لەبى لەئلۇ سىيمىن تەنى،
ساچى سۇنبۇلۇ يۈزى گۇل خىرمەنى.
كۆزى نەرگىسۇ قەددى سەرۋى سەهى،
جەهان شوخى رەئنالارىنىڭ شەهى.
بارى ئول سەنەم ئاشىقى بولدىلار،
بارىسى ئانىڭ لايىقى بولدىلار.
بىرى دېر: مۇنىڭ سۇرەتىن بۇرنا مەن
قىلىپ مەن، تېگەر ماڭا بۇ سىيمتەن.
بىرى دېركە مەندىن كىيىپدۇر لىباس،
ماڭا تەگكەي ئول دېپ قىلۇرمەن قىياس.
بىرى دېركە مەندۇرمەن ئول دېر مەنى،
ئېسىرغا، بىلەرزۇك ئۈزۈك سالغانى.
بىرى ئايتۇر ئول ئالىمى پاك رەۋ،
كە تارتىڭ بارىڭىز بۇ سۆزدىن چىلاۋ.
كە هەق ساقلاپ ئۆز ئىلمىنىڭ هۇرمەتىن،
رەۋا ئەيلەبان خەستەنىڭ هاجەتىن
ئەتا ئەيلەدى، جان بەردى هەيات،
كەرەككىم ماڭا ئەيلەسە ئىلتىفات.

ئەجەب ھالەت ئىچرە قالىپ ئول سەنەم،
گىرىفتار ئولۇپ تارتادۇر بۇ ئەلەم.
كە قايسىغە بولسام رىزا، ھەق رىزا
بولۇپ، مەندىن ئولغاي ھەقىقەت ئەدا.
مەن ئۇشبۇ پەرىزاد تەھسىنىنى
ئېشىتىپ كەلىپ ئېردىم ئايىنىنى.
كە داناۋۇ ئاقىل پەرىزاد ئېرۇر،
بەسى مۇشكۇل ئىشلار مۇڭا ياد ئېرۇر.
سورايكىم تېگەر قايسىغە بۇ سەنەم،
يەنە ئۆزگەلەر چەكمەسۇنلەر ئەلەم.
بۇ ھەم باردى ناز ئۇيقۇسىغە ياتىپ،
مۇنى كىمسە بولمايدۇرۇر ئويغاتىپ.
ئەگەر بارماي ئۇيقۇغە بىدار ئولۇپ،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئولۇپ.
قوپۇپ ئولتۇرۇپ كۆزلەرىنى ئاچىپ،
شەكەرلەر لەبى شەكەرىدىن① ساچىپ.
دېسەكىم ئول شوخ كىمگە تېگەر،
ھەقۇ مۇلك كىمگەدۇر ئول سىيمبەر.
ئۇلارنىڭ ۋەبالى قىيامەت كۈنى.
قىيامەت كە باردۇر نەدامەت كۈنى
بۇ رەئنا پەرىزادنىڭ بويىنىغە،
قەدى سەرۋى ئازادنىڭ بويىنىغە.

## پەرىزاد بى ئىختىيار ئويغانىپ، بۇ سوئالنىڭ جەۋابىنى بەرگەنى

بۇ ياڭلىغ دېگەچ شەھرىيارى جەھان،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «لەبۇشەكەر» دېيىلگەن بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «لەبى شەكەر» دەپ ئېلىندى.

چۇ ئۇل شوخ ئېدى ساھىبى ئىمتىھان.
خەبەردار ئېردىيۇ بىدار ئېدى،
ئانىڭ ئىمتىھانى بىلە يار ئېدى.
كۆزىن ئاچتىيۇ قوپتى بى ئىختىيار،
دېدى ئەي شەھەنشاھى نۇسرەت شىئار.
نې مەئنىسى جەمئى سۇئالىن ماڭا
سالىپ يۈكلەگەيسېن ۋەبالىن ماڭا.
ئەگەر تىيشە مۇزدى ئۇچۇن تىيشەدار،
نېمەرسە تەۋەققۇئ قىلۇر يەرى بار.
يەنە بىرگە خۇد تېگمەس ئانى دېمەك،
ئاڭا خىلئەتىنىڭ بەھاسى كەرەك.
يەنە بىرگە ھەم بولسە ئۇل ئىزتىراب،
ئاڭا داغى بۇدۇر مۇئەييەن جەۋاب.
ئېرۇر ئۇل پەرى چىھرە موللا ھەقى،
كەرەك بولسە موللا بىلە رەۋنەقى.
كە ھەق ساقلاپ ئۆز ئىلمىنىڭ ھۇرمەتىن،
رەۋا قىلغان ئېرمىش ئانىڭ ھاجەتىن.

**فېرۇز شاھ بىر شەرتى بەجا كەلگەنىنى پەرىزاددىن سوراپ ئۇل قەبۇل قىلغانى ۋە يەنە ئۇيقۇغە بارغانى**

دېدى شەھكىم ئەي شوخى رەۋشەن زەمىر،
ئەدا بولدى بولغايمۇ شەرتىڭدە بىر.
دېدى: ئارى، بىرنى ئەدا ئەيلەدىڭ،
ئەداسى بىلە ھەم بەجا ئەيلەدىڭ.
يەنە ئىككىنى ھەم بۇ ياڭلىغ بەجا
ئەگەر كەلتۈرۈرسېن قىلىپ سېن ئەدا.

دېدىيۇ يەنە تەكيەگە قويدى باش،
ئۆزىنى سالىپ ئۇيقۇغە ئول قۇياش.

## فېرۇز شاھ سۇراھى سەنگىندىن سەرگۈزەشتى ھال سۇئال قىلغانى

بۇ كېز شەھرىيار ئۇلتۇرۇپ ھەسبۇ ھال
سۇراھى سەنگىندىن ئەتتى سۇئال.
كىم ئەي زەرفى ئابى زۇلالى ھەبىب،
تەرەب ئەھلىغە نەشائ سەندىن يەتىپ.
نېكىم سەرگۈزەشت ئەيلەگەن ئېردى تەخت.
فەلەك جەۋر ئىلە زۇلمىدىن نەرمۇ سەخت.
ھىكايەت قىلىپ تاپتى جانىم فەرەھ،
خۇشان ئەتتى كۆڭلۈمنى چەكىەي قەدەھ.
نېكىم مۇشكۇلۇم بار ئېدى بولدى ھەل،
سەنىڭ سەرگۈزەشتىڭغە ئېمدى مەھەل
بولۇپتۇركە سېن ھەم بەيان قىلغاسېن،
فەلەكدىن نې كۆردۈڭ ئەيان قىلغاسېن.

## سۇراھى سەرگۈزەشتىن ھىكايەت قىلىپ فېرۇز شاھنىڭ كېلمەكىنىڭ جەھەتىن سورغانى

چۇ شەھزادە مۇنداق سۇئال ئەيلەدى،
نېچۇك پۇرسەشۇ ھەسبى ھال ئەيلەدى.
سۇراھى ئىچى ھەم تولا قان ئېدى،
فەلەك دەردى بىھەدۇ پايان ئېدى.
دېدى: ئەي شەھەنشاھى ئالەم پەناھ.
نې دىلخاھىڭ ئولسە يەتكۈرگەي ئىلاھ.
مەن ئەلبۇرز تاغىكىم ئانداغ بەلەند،
يەر ئۆزرە يەنە تاغ ئېمەس دىلپەسەند.

ئانىڭ ئۈستىدە پارە سەنگى ئىدىم،
نى پارەكە سەنگى نەھەنگى ئىدىم.
مۇئەللەق تۇشۇپ تەڭرى ئەمرى بىلە،
تۇرۇپ ئىردىم ئافاقدىن بى گىلە.
ئىتەكى بىلە بىر ئۇلۇغ يول تۇشۇپ،
قەرار ئەتمەس ئىردىلەر ئىل يۇرۇشۇپ.
نەچە قاتلە ئىسكەندەرۇ كەيقۇباد،
سۇلايمانۇ جەمشىدۇ بەل قەۋمى ئاد.
مۇئەززەم چەرىك بىرلە ئەيلەپ گۇزەر،
تەئەججۇپ قىلۇر ئىردىلەر سەر بەسەر.
دىر ئىردىلەر: ئەي قادىرى بىرۇ بار،
كە خۇش قۇدرەت ئىلە مۇنى بەر قەرار
قىلىپسىن مۇئەللەق تۇرۇر يەر تاپىپ،
كە كىمدۇر مۇنىڭدىك ئەجايىپ غەرىب.
نەچە يىللار ئانداغ تۇرۇپ سەرەفراز،
نەزەر قىلماي ئۆتكەن ماڭا ئىردى ئاز.
فەلەك كۆرسەتۇر بولدى چۇن سەرزەنىش،
جەھاندىن تۇشەر بولدى باشىمغە ئىش.
تۇبىمنى قازىپ يىل - ياغىن، بى مەدار
بولۇبان تۇرۇپ ئىردىم، ئەي شەھرىيار،
كە بىر كۇن ھەۋادا بۇلۇت گۇركرەشىپ،
كەلىپ يىلۇ يامغۇر، چاقىن چاقناشىپ.
قىيامەت تۇنىدىك قارارىپ جەھان،
يوق ئىردى يارۇغلۇق سارىدىن نىشان.
كە يەر تەبرەدىيۇ مەن ئاندىن خەتا
بولۇپ تەبرەدىم چارە قالماي ماڭا.
يارىم يولدائوق پارە - پارە بولۇپ،
كەلىپ يەرگە تۇشتۇم كۇلۇم سارۇلۇپ.

نەچە يىللار ئۇل يول ئۆزە پايمال
بولۇپ ياتتىم، ئۇل ئېردى دىشۋار هال.
كە هېچ كىمسە پەرۋايىم ئەتمەس ئېدى،
يۈزۈمدىن غۇبارىم ئارىتماس ئېدى.
كە بىر كۈن قالىن كارۋان دەر گۈزەر
ئېدىكىم بىر ئۇستادى ساهىب هۇنەر
ئۇلار بىرلە ئۇل يولدا هەمراه ئېكەن،
هۇنەرمەند ئۇستادى دىلخاه ئېكەن.
كەلىپ خاجە بۇلخەيىر هەككاك ئاتى،
جەهان ئىچرە تولغان ئانىڭ شۇهرەتى.
نەزەر قىلدىيۇ كۆردى تاشنى ياتىپ
مۇئەييەن ئامان تۇفراق ئىچرە پاتىپ.
تۇشۇبان ئەرتىپ يۈزۈمدىن غۇبار،
نەزەر قىلسە تاش مەن ئەجەب مەۋجدار.
ئەرابە ئالىپ كەلتۈرۈپ شەهەردىن،
سالىبان ئۇل ئۇستادى رويى زەمىن.
دۇكانىغە سالدى مەنى كەلتۈرۈپ،
ئۆتەردە بۇ رەئنا كىشىسى كۆرۈپ.
سۇراهى بۇيۇردى ئۇل ئۇستادغە،
جەفا ئىلكىگە قويدى بىدادغە.
تۆپىمگە قويۇپ ئەررە هەر يان كەسىپ،
مېتىنلار يەتىپ هەر يانىمغە نەسىب،
سىتەمگار ئېلىدىن ئىچىم كاۋلانىپ،
تاشىمدىن تەنىم چەرخ يەپ ئايلانىپ.
تەمام ئولدۇم ئېرسە مەنى تاپشۇرۇپ،
مەنى پېيشكەش قىلدى ئۇل كەلتۈرۈپ.
ئەگەرچە فەلەكدىن بۇ ياڭلىغ جەفا،
كۆرۈپ يەتتى تۈرلۈك باشىمغە بەلا.

قىلۇرمەن مۇڭا شۇكرىكىم ئاقىبەت،
مەنى خالىقى باكەرەم بۇ سىفەت.
بۇ رەئنا بىلە ھەمدەم ئەيلەپ تۇرۇر،
مۇنىڭ بەزمىدە نې غەم ئەيلەپ تۇرۇر.
تۇرۇپمەن ئۇزاتىپ بويۇن بى مەلال.
كە مەيل ئەيلەگەي مەندىن ئابى زۇلال.
ھەمىشە نەشات ئۇزرە سۆھبەت تۇتۇپ،
پەرىلەر مەيى لەئل مەندىن يۇتۇپ.
بولۇرلار خۇشان نەشائ پەيدا قىلىپ،
گۇل سۇرىدېك يۈزلەرى ئاچىلىپ.
بۇلار بىرلە خۇش ۋەقتۇ خۇش ھال مەن،
بەغايەت خۇشانۇ خۇش ئەھۋال مەن
مۇنى بىلمەن ئېيدىكە ئاخىر نېدۇر،
يەنە ئەمرۇ فەرمانى قادىر نېدۇر.
سېنى ئەي شەھ ناغۇ مۇنچە تارتىپ مەلال،
كۆزۇڭدىن ئۇچۇپ ئۇيقۇ ئاشۇفتە ھال
بولۇپ ئولتۇرۇپسېن نېدۇر مۇددەئا،
ئىنايەت قىلىپ ئايىت سېن ھەم ماڭا.

**فېرۇز شاھ كەلگەنىنىڭ سەبەبىنى بۇ ھىكايەتغە ئۇلاپ،**
**مۇنىڭ بىلە پەرىزادنى ئويغاتقانى**

دېدى شەھ: كە بۇدۇر مەلالىم مەنىڭ،
ئېرۇر مۇندىن ئاشۇفتە ھالىم مەنىڭ.
كە سەمىن كە باردۇر مەنىڭ كىشۋەرىم،
ئانىڭ ئەھلۇ خەيلى مەنىڭ لەشكەرىم.
ئول ئېل ئىچرە بىر زاھىدى پاك دىن
بار ئېردى ئاڭا بىر قىزى نازەنىن.

ئانىڭ ئىشقىدا ئۆچ كىشى بى قەرار،
كېزەر ئېردىلەر كويىدا دىلفىگار.
بىرى بېكۇ بىرى سىپاھى ئېدى،
بىرى سەنگ ئەنداز شاھى ئېدى.
ئۇلۇس ئىچرە مەشھۇر ئۇلارنىڭ ئىشى،
بولۇپ ئېردى دەرماندە زاھىد كىشى.
كە ھەربىرى زاھىدغە بىر سۆز سالىپ،
جەۋابىدا بىچارە ئاجىز قالىپ.
ئۇلارغە جەۋاب ئايتا ئالماس ئېدى،
ئۇلار كويىدىن خالى قالماس ئېدى.
كېچە ـ كۈندۈز ئول كوي ئۈزە ئايلانىپ،
يۈرۈر ئېردىلەر ئىشقىدا ئۆرتەنىپ.
دېسە ھەر بىرىسى بۇيلە نىسبەتىن
قىلىبان تىناي كۆرمەيىن مىھنەتىن.
يەنە ئىككىسىدىن بولۇپ ۋەھىمناك،
ئېدى تۇغماغۇر قىزى بىرلە ھەلاك.
كە بىر كۈن چىقىپ ئۆيدىن ئول سىيمبەر،
تۇرۇپ ئېردى ھويلۇسىدا بى خەبەر.
بار ئېرمىشتۈك ئول يەردە بىر ئاق دىۋ،
ھەم ئول قىز جەمالىغە مۇشتاق دىۋ.
كەلىپ ھەر كۈن ئول كوي ئۈزە ئايلانىپ،
بارۇر ئېركەن ئول خالى تاپماي يانىپ.
بۇ ھالەتدە ئانىڭ گۇزارى بولۇپ،
فەلەكدىن قۇيۇندېك تۈشۈپ ئۆيرۈلۈپ،
ئالىپ كۆككە چىقتىيۇ بولدى رەۋان،
بولۇبان خەبەردار بېك ئول زەمان.
سوڭىچە رەۋان بولدى كۆككە باقىپ،

ياڭلماي رەۋان بولدى ئەشكى ئاقىپ.
بارىپ ئاقىبەت تۇشتى بىر تاغ ئارا،
ئۆزىن بىلىك يەتكۈرسە ئۆلۈم قارا. ①
ئىرۈر تاغ ئاراسىدا بىر غارى دىۋ،
تۇرۇر ئىزلارى رەۋشەن ئول يار دىۋ.
كىرىپ كۆرسە غار ئىچرە چاھى نەھەڭ،
دەھەن پۇشى ئۇستىدە بىر تەختە سەنگ.
مۇئەييەن كۆرۈپ يانىپ ئاندىن كەلىپ،
ئول ئىكىسىنى ئاگەھ قىلىپ.
ئۇچۇلەن بولۇپ كەلىپ ئول چاھ ئۇزە،
تۇرۇپ بىلىك ئۇلارغە ئانى كۆرگۈزە،
سىپاھى دىيدىكىم بۇ ئىشدۇر مەنىڭ،
ئىمەسدۇر بۇ ئىش بەندەدىن ئۆزگەنىڭ.
ماڭا ئۇشبۇ چاھ ئۇزرە تۇشمەك كەرەك،
نە بولسە چەھ ئىچرە كۆرۈشمەك كەرەك.
كەمەند ئالدىيۇ بىلگە قىلدى بەند،
كەمەر بەند ئىدى چەھغە سالدى كەمەند.
تۇشۇپ كۆرسە چەھ ئىچرە بىر تاش ئىشىك،
ئاچىلدى ئىشىك چۇنكە ئۇردى ئىلىك.
قىلىچنى يالاڭ ئەيلەپ ئول مەردىكار،
قەدەم قويسە تەخت ئۇزرە ئول گۇلئۇزار
بولۇپ لالەدىك ئەشكىدىن كۇزلەرى،
خەزان يافراغىدىك سولۇپ يۈزلەرى.
باقىپ ئولتۇرۇپ لالۇ ھەيران قاتىپ،
قويۇپ قوينىغە دىۋ باشىن ياتىپ

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اولوم قرا» شەكلىدە يېزىلغان.

ئۇيۇقلاپدۇرۇر، كۆردىيۇ تىيغى تېز
سالاي دېپ ئېدى، دېدى قىز، ئەي ئەزىز،
قاتىلماكە ناگاھ تىيغىڭ زەرەر
يەتكۈرمەي بولۇپ بۇ يەنە باخەبەر
قوپۇپ قىلماسۇن مۇندا زايىئ سەنى،
بۇ قالسۇن ئۇيۇقلاپ، ئالىپ چىق مەنى
ئالىپ تەكيەئىنى باشقە قويۇپ،
بۇلار چىقتىيۇ دىۋ قالدى ئۇيۇپ.
چىقىپ تەبرەدىلەر ئاراغە ئالىپ،
بولۇپ غافىل ئول دىۋ ئۇيۇقلاپ قالىپ.
يۈرۈپ يەتىپ ئېردىلەر ئېلگە ياقىن،
كەبىدار ئولۇپ دىۋ ئۇلاردىن كەيىن.
باشغە تۈتۈن ئۆرلەپ ئاچچىغلانىپ،
غەزەب بىرلە جانىغە ئوتلار يانىپ.
قۇيۇندېك فەلەككە تەنورە ئۇرۇپ،
چىقىپ بىر زەماندا ئۆزىن يەتكۈرۈپ.
بۇلۇتدىن چاقىن چاقناغاندېك تۈشۈپ،
دەمىدىن جەھان كۆيگەلى ياۋۇشۇپ.
ئارادىن ئالىپ چىقتى چەنگال ئۇرۇپ،
باقىپ قالدىلار كۆزلەرى تەلىۈرۈپ.
تۆكۈپ سەنگى زەن كۆزدىن ياشىنى،
فەلاخۇن كەفىگە قويۇپ تاشىنى.
ئۇلۇق تەڭرىنىڭ ئاتىنى ياد ئېتىپ،
دۇرۇدى ھەبىبىنى بۇنياد ئېتىپ،
ھەمىنكىم تاش ئېلكىدىن ئەتتى جۇدا،
بۇلار ھالىغە رەھىم ئەيلەپ خۇدا.
ئانىڭدېك بارىپ دىۋ بوينىغە تاش

تېگىپ سەكرىبان جىسمىدىن باشقە باش.
تەندىن باشى، باشىدىن باشقە تەن،
ھەۋادىن كېلىۋر ئېردى ئول ئەھرەمەن.
ھەم ئاندىن بولۇپ باشقە ئول سەرۋىناز،
تۈشۈبان كېلۈردە ھەم ئول سەنگباز.
ھەۋادا تۇتۇپ يەرگە يەتكۈرمەيىن،
سەلامەت قالىپدۇر زەرەر كۆرمەيىن.
بىرى ئايتۇر: ئېمدىكە ئول سىيمتەن
بولۇپ ئېردى ئول دىۋنىڭ مۈلكى، مەن
ياشىلماي بارىپ يەرنى كۆرۈپ كەلىپ،
ئالىپ باردىم ئىككىنى ئاگەھ قىلىپ.
ئەگەر بارىبان كۆرمەسەم ئېردى مەن،
ئانىڭكى بولۇپ ئېردى ئول سىيمتەن.
كەرەككىم مەنىڭ ھەمدەمىم بولسە ئول،
يۈگۈردۈم ئانىڭ ئۈچۈن ئۈشمۇنچە يول.
يەنە بىرى ئايتۇر يۈگۈردۈك نې سۈد،
بارىپ مەنزىلىن ھەم كە كۆردۈك نې سۈد.
مەن ئول چەھغە باغلاپ بەلىمغە كەمەند،
تۈشۈپ چىقتىم ئانى ئالىپ بى گەزەند.
ئەگەر تۈشمەسەم ئېردى ئول چەھغە مەن،
تۇرۇپ ئېردىڭىز بىلمەيىن ھىچ فەن.
مەن ئەتتىم ئانىڭ يولىدا جان تۇفەيل،
كەرەككىم مەنىڭ سارى ئول قىلسە مەيل.
يەنە بىرى ئول سەنگى زەن دېر جەۋاب
كە ھەر ئىككىڭىز قىلماڭىز ئىزتىراب.
بىرىڭ باردىيۇ كۆردى مەنزىل نې سۈد،
بىرىڭ قىلدى مەقسۇد ھاسىل نې سۈد.
يەنە بارچەنىڭ ئورتاسىدىن ئالىپ

بارىپ ئېردى دۈشمەن، بارىڭىز قالىپ،
فەلەكدىن تۆشۆردۈم ئۈرۈپ تاش ئىلە
باشىن تەندە قويماي، تەنىن باش ئىلە.
هەۋادىن تۆشۆرمەي تاقى يەرگە هەم،
تۈتۈپمەن سەلامەت قالىپدۇر سەنەم.
كەرەكدىم مەنىڭ بىرلە دەئۋا كىشى
قىلا ئالماسا قالمايىن هىچ ئىشى.
بۇلارنىڭ ئاراسىدا ئول قىز غەرىب،
تالاشقە قالىپدۇر ئۆز ئېركى بارىپ.
بۇ رەئنادىن ئول مۇبتەلا هالىنى
سوراي دېپ كەلىپ ئېردىم ئەهۋالىنى.
بۇ هەم ئۈيقۇغە باردىيۇ مەن بۇ هال،
باقىپ ئولتۇرۇپمەن چېكىپ يۈز مەلال.
ئەگەر مۇندا بىدار ئولۇپ قەسد ئۆزىن،
سالىپ ئۈيقۇغە سۈزگەن ئولسە كۆزىن.
ئاچىپ كۆزلەرىنى قوپۇپ① ئولتۇرۇپ،
تەرەهھۇم ئانىڭ هالىغە كېلتۈرۈپ
دېمەسەكىم ئول كىم بىلە يار ئولۇپ،
سەئادەت يۈزى قايىسىغە ئۆيرۈلۈپ،
قىيامەت كە روزى نەدامەت ئېرۇر،
ئۇلارنىڭ جەۋابىن بۇ رەئنا بەرۇر.

**پەرىزاد بى ئىختىيار ئويغانىپ جەۋاب بەرگەنى**

ئەشىتكەچ قوپۇپ ناز ئىلە ناز بوى،
دېدى: ئەي مەلىك، بۇ نېچۈك گۇفتۇگوي.
بولۇر كىم تۇغۇپ كۆرمەگەن، بىلمەگەن
كىشىلەر جەۋابىن بەرۇر بۇ دېگەن.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئاۋال «باقيب» شەكلىدە يېزىلىپ، كېيىن ئۈستىگە «قوپۇب» دەپ تۈزىتىلگەن. بۇ يەردە تۈزىتىلگىنى بويىچە ئېلىندى.

ئەگەر بىك يۈگۈرۈپ باربان، يەرىن
كۆرۈپ كېلدى، ئالسۇن ئاياغى تەرىن.
سىپاھى ئەگەرچە بارىپدۇر دەلىر،
ۋەلى ئەيلەمەپدۇر ئىشىن دىلپەزىر.
كەرەك ئېردىكىم چەھدەئوق دىۋ ئىشىن
قىلىپ چىققاي ئېردى، داغى ھىچ كىشىن
شەرىك ئەتمەگەي ئېردى ئۆز ئىشىگە،
سۆزى قالماغاي ئېردى ھىچ كىشىگە.
بە ھەررەڭ ئالىپ چىققانى داغى خوب
بولۇپ ئېركەن، ئەمما كەيىن ئالدۇرۇپ
بولۇپ چارەسىز قالغان ئەھۋالدا،
ھەۋا ئۆزرە ئالىپ بارۇر ھالدا،
ئاتىپ سەنگى زەن جانىستان تاشىنى،
ئۇرۇپ ئۆزگۈچە دىۋنىڭ باشىنى،
ھەۋادىن تۈشۈپ كېلگۈچە قىزنى ھەم
يوقارى تۇتۇپدۇر يەتكۈرمەي ئەلەم.
ئېرۇر سەنگى زەن ھەققى ئول سەرۋىناز،
كەەك ۋەسلىدىن بولسە ئول سەرەفراز.

**فىروزشاھ يەنە بىرى ئەدا بولدىمۇ دېپ سورۇپ، پەرىزاد قەبۇل قىلغانى، يەنە ئۇيقۇغە بارغانى**

دېدى شەھرىيار، ئەي دىلئارام بۇ
مۇبارەك زەمىرىڭغە خۇش كەلدىمۇ؟
دېدى: ئارى ئېىدى يەنە بىرنى ھەم
بۇ ياڭلىغ بەجا كېلتۈرۈرسېن نې غەم.
ئارامىزدا قالماس تۇرۇر ئۆزگە سۆز،
كىشى ئايتا ئالماس تۇرۇر ئۆزگە سۆز،
دېبان يانە باش قويغاچ ئول گۇلئۇزار،
بۇ كېز خاتىرىن جەمئ ئەتىپ شەھرىيار

### فېرۇز شاھ شەمسىدىن سەرگۈزەشتىى ھال سوئال قىلغانى

چۇ خۇش كەلگەننى بىلدى دىلدارىغە،
باقىپ ئولتۇرۇپ شەمسى رۇخسارىغە،
دېدى: ئېيدى ئەي رەۋشەن زەمىر،
دېگىل سەرگۈزەشتىڭنى سېنى داغى بىر.
كۆنى كۆردۈك ئەييامدىن خەيرۇ شەر،
ھېكايەت قىلىپ بىزنى قىل باخەبەر.
دەي ئالماي غەمىن شەمس ھەم زار ئېدى،
فەلەكدىن بەسى ئوتلارى بار ئېدى

### شەمس سەگۈزەشتىن ھېكايەت قىلىپ فېرۇز شاھنىڭ كېلمەكىنىڭ سەبابېنى سورغانى

دېدى: ئەي شەھەنشاھ فېرۇز بەخت،
قۇۋانسۇن سەنىڭ بىرلە بۇ تاجۇ تەخت.
چۇ سوردۇڭ مەنىڭ سەرگۈزەشتىم ئېشىت،
قەزا ئەيلەگەن سەرنەۋىشتىم ئېشىت.
مەن ئەۋۋەل قوزى ئېردىمۇ بىر چىغاي
ئىگەمدىن تىلەدى، ئىگەم ئېردى باي.
مەنى بەردىيۇ كەلدى ئۆيگە يانىپ،
قىلىپ پەرۋەرىش، سۇ بەرىپ، ئوت سالىپ.
ئۇلۇق بولدۇمۇ بەردىم ئىككىز قوزى،
چىراغدېك يارۇدى چىغاينىڭ كۆزى
مەنۇ ئول ئىكى قوزى ھەم ئىككى بار①
قوزى بەردۇكۇ ھەم بۇ دەستۇرلار
بەش ـ ئالتى يىل ئۆتمەي بۇ ھەم بولدى باي،
دېر ئېردىلەر ئېل بۇرنا بايرام چىغاي.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «رار» يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «بار ـ قېتىم» دەپ ئېلىندى.

ئۇلۇس ئىچرە بايرام باي ئۇلدى ئاتى،
مەن ئۇلدۇم ئانىڭ بائىسى دەۋلەتى.
قارىلىغ يەتىپ ئاخىرۇلئەمر مەن
قىسىر قالدىمۇ تولدى ياغ بىرلە تەن.
نىكىم ئىرىك قويلارنى سايلاتتۇرۇپ،
بارۇر بولدى ساتماقغە هايداتتۇرۇپ.
مەنى هەم دىدى ئىرىك هۇكمىدەدۇر،
قارىپ بەرمەيىن قوزى سەمرۇپ يۈرۈر.
قوشۇپ هايداتىپ كەلدى بازارغە،
كە خەرجىگە ساتقاي خەرىدارغە.
كەلىپ كۆردى قەسساب بەردى بەها،
بەهاسىن بەرىپ قىلدى بايىنى رەها.
بارىمىزنى هايداپ سۆرۈپ كىلتۈرۈپ،
ئارادىن مەنى تانلاتىپ تۇتتۇرۇپ.
ئاياغىمنى باغلاپ تۇرۇپ تىيغى تىيز
قويۇپ هەلقىمە، بولدى خۇنابە رىيز.
تىرىمنى سويۇپ پارە - پارە قىلىپ،
قەنارەدە هەر پارەسى سانچىلىپ.
ئالىپ باردى هەر كىشى بىر پارەنى،
قىلىپ تۇئمە ئول پارە بىچارەنى.
ياغىمنى قىلىپ جەمئ بىر شەمئى رىيز،
ئالىپ ساتقۇن ئەلتىپ قىلىپ رىيز رىيز،
قازانغە سالىپ مەنى ئوت ياقىلىپ،
قاۋۇرۇپ ئالىپ، سىزغۇرۇپ سۇ قىلىپ.
قۇيۇپ شەمئ ئىتىپ، دەستە - دەستە ئاسىپ،
دۇكان ئۈزرە قويدى، ئول ئىردى نەسىب.
نەچە كۈن دۇكاندا ئاسىلىپ تۇرۇپ،
ئۆتەردە بۇ رەئنا كىشىسى كۆرۈپ،

بارىمىزنى ساتقۇن ئالىپ كەلتۇرۇپ،
ھەر ئاقشام بىرىمىزنى بۇ كۆيدۇرۇپ
ئۆتەربىز جەھان مۇلكىدىن سوز ئىلە،
كۆيەربىز بۇ رەئنا دىلفۇروز ئىلە.
ۋەلى ھەر نەچە كۆيسە، ئۆرتەنسە ھەم،
كىشى ئەرزىشى باردۇرۇر بۇ سەنەم.
قىلۇربىز مۇڭا داغى يۈز قاتلە شۇكر،
بولۇر بىز رىزا داغى يۈز قاتلە شۇكر.
كە مۇنداق پەرىزادنىڭ شامىدا،
كۆيۈپ بۇ سىفەت بەزم ئەييامىدا،
بىزنىڭ رەۋشەنىمىزدە گۇلچىھرەلەر،
چېكىب جامى گۇلگۇن قىلىپ نەشەئىلەر.
فەراغەت بىرلە ئۆتكەرۇرلەر جەھان،
بىرى بىرى بىرلە بولۇرلار خۇشان.
قىلاي مەن داغى ئېمدى گۇستاخلىغ،
جەۋابىنى لۇتفى ئەيلەپ ئېتمە دەرىغ.
سېن ئەي شاھى خۇبانى ئالەم نېتىپ،
بۇ مەنزىلغە كەلدىڭ بۇ ياڭلىغ يەتىپ.
كە بۇ گۇلىستاندۇر پەرىلەر يەرى،
بۇ مەنزىلگە ئادەم ئاتادىن بەرى
يوق ئېرمىش گۆزەر ئادەمى قىلغانى،
سەبەب نې ئېدى مۇندا كۆردۇك سەنى.

**فېرۇز شاھ كەلگەننى بۇ ھىكايەتغە باغلاپ بۇ تەقرىب بىلە پەرىزادنى ئويغاتقانى**

دېدى شەھرىيار، ئەي جىگەر سوز ئەشىت،
بىزنىڭ پەردە ئىككى مۇساھىب يىگىت

بىرى بىردىن باشقە بىر سائەتى
بولۇپ، ئەيلەمەس ئىپردىلەر تاقەتى.
ھەممىشە بولۇپ بىر-بىرى بىرلە شاد،
تىلەپ بىر-بىرى خۇشلۇغىدىن مۇراد،
سەفەر قىلسەلەر ھەم ئىكەۋ ھەمسەفەر،
مۇقىم ئولسەلەر ھەم چۇ شيرۇ شەكەر.
بىرىگە ئەلەم يەتسە، بەس بىرگە ھەم،
بىرىسى غەمىن بولسە، بىرگە ئەلەم.
بىرىگە فەرەھ يەتسە، بىرى خۇشان،
بىرىسى خۇشان بىرگە ئەيشى جەھان.
جەھان خۇشلۇغىن بىر-بىردىن تىلەپ،
قىلىپ بىر-بىرى بىرلە ئەيشۇ تەرەب
يۈرۈر ئىپردىلەر ئەيشى ئالەم قىسىپ.
بىرى بىرى ۋەسلىن غەنىمەت بىلىپ.
كە ناگەھ بىرى كەد خۇدالىق ھەۋەس،
قىلىپ دېسە، ئول دېدى مانىئ ئىپەس.
سوراپ بىلدىلەر ئاندا سيمىن بەرى،
بەسى سالىھە، پارسا دىلبەرى.
ئاراغە سالىپ سۆز، تىلەپ سۇھبەتىن،
رىزا بولدى چۇن قىلدىلار نىسبەتىن.
نەچە كۈن كەدخۇدا بولۇپ بۇ بىرى،
بىر ئاقشام پەرىشان بولۇپ خاتىرى.
كە نې قىلماغۇر ئىشنى قىلدىم ھەۋەس،
مۇئەييەن ئىمىشتۈك بۇ ئىش ئىش ئىپەس.
بولۇپ كەدخۇدا مەن فەراغەت بىلە،
ئول ئول تەۋر يالغۇز مەلالەت بىلە.
نەتىپ، نې قىلىپ ئولتۇرۇر يالغۇزۇن،
نەتىپ ئۇيقۇ كېلۇر ئاگا تۈن ئۇزۇن،

دېبان بارسا، ئۇلدەم قىلىپ ئىزتىراب،
ياقىپ شەمئ ئالىغە سالىپ كىتاب،
غەمىن ئولتۇرۇپ ئۆيلە يالغۇز قالىپ،
ئوقۇماي كىتابىغە تېك كۆز سالىپ.
كىرىپ كېلدىيۇ كۆردى ئول ھالنى،
ئۆزىدىن بولۇپ تۇشكەن ئەھۋالنى.
دېدى ئول رەفىقۇ ۋەفادارغە،
ئىشىدىن پۇشايمان بولۇپ يارغە.
كىم ئەي يار، نې قىلماغۇر ئىشنى مەن
قىلىپ مەن كە يالغۇز بۇ ھالەتتە سېن.
جۇدا بولغان ئېرمەس ئېدۇك ھېچ دەم،
مەن ئەتتىم ئۆزۈمگە، ساڭا بۇ سىتەم.
ئېمەس ياخشى ئېمدى بۇ ئادەت بولۇپ،
ماڭا ئۆيلە، ساڭا بۇ ھالەت بولۇپ.
مۇقىم ئولساق ئۇشەبۇندا مەنزىل تۇتۇپ،
ۋەتەن قىلساق ئۆز تەۋرىمىزدىن ئۆتۈپ.
سەفەر ئەيلەلىك ئېرتەۋۇ بىر نەچە
يۈرۈپ سەير ئەيلەپ نەچە كۈنگەچە.
بولۇپ بىر-بىرىمىز بىلە شادمان،
كۆڭۈل ئىستەگەنچە يۈرۈپ ھەر قايان.
ئاچىلىپ كۆڭۈل چۇ پەسلى بەھار،
فەراموش ئولۇپ مېھنەتۇ روزگار.
يانىپ كېلسەك ئاندىن يەنە كۆرگەبىز،
نې كەلسە جەھاندىن ئانى كۆرگەبىز.
بۇ ياڭلىغ قىلىپ ئىتتىفاق ئىككى يار،
سەباھ ئەيلەلىك دېپ سەفەر ئىختىيار.
كەلىپ بۇ ھىلالىغە دېدى كە بىز،

سەباھ ئەيلەدۇك ئىتتىپاق ئىككىمىز.
كە ئەزمى سەفەر قىلغابىز سەير ئۈچۈن،
كۆڭۈللەر ئاچىلغاي يۈرۈپ نەچچە كۈن.
كە بىر-بىرىمىزدىن جۇدا بىر زەمان
بولۇشقان ئېمەس ئېردۇكۇ باشقە جان.
ماڭا بولغالى بۇ سىفەت نىسبەت ئول
چەكىپ فۇرقەتۇ مىھنەتۇ غۇربەت ئول.
پەرىشانۇ ئاشۇفتە ئەھۋال ئېرۇر،
ئول ئول تەۋر ئېسە ماڭا نې ھال ئېرۇر.
يۈرۈپ نەچە كۈنگەچە سەير ئەيلەلى،
بىرى-بىرىمىزگە كۆڭۈل ئاۋلالى.
زەئىفە قوپۇپ توشەئى راھ ئەتىپ،
ئۆزۈغۇ يارىغىنى دىلخاھ ئەتىپ.
سەباھ ئۇلدىيۇ تەبرەدى ئىككى يار،
بىرى-بىرىسىگە بولۇپ غەمگۇسار.
يەنە ئېرتەسىگە كەلىپ بىر ئەزىز،
تەرەھھۇم كۆزىدىن بولۇپ قەترە رىيز،
خەبەردار قىلدىكىم ئەي سىيىتەن،
قونۇپ ئېردىم ئاقشام فەلان يەردە مەن.
كېلۇر ئېردىم ئاندىن قوپۇپ ئېرتەلەپ،
كە يول ئۈزرە كۆردۈم بولۇپدۇر ئەجەب.
رەفىقى كە جۇفتۇ ھىلالىك بىلە
بار ئېردى قۇۋانغان ۋىسالىك بىلە.
قاراقچىغە ئۇچراپ، ھەر ئىككىنى زار
تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپدۇر، ياتۇرلار فىگار.
قىلىپ باشلارىن تەنلەرىدىن جۇدا
سالىپدۇر، ياتۇرلار بولۇپ خاكپاھ.

بۇ بولسە خۇدا ھۆكمى، نې چارەدۇر،
ئەزەلدە نې قىسمەتدۇر ئول بارەدۇر.
چۇ سېن سېن ئۇلارنىڭكى غەمخارى ھەم،
جەھان ئىچرە يارۇ ھەۋادارى ھەم.
ئۇلار ياتماسۇنلار بولۇپ خاكسار،
بارىپ ئەيلە مەنزىللەردىن بەرقەرار.
ئەشىتكەچ بۇ سۆزنى زەئىفە رەۋان
يەتىشسە بولۇپ جانى سۇ باغرى قان.
ياتىپدۇرلار ئىككى رەفىقى ھەزىن،
تاپىپ قەتل بى رەھمىلەر ئىلكىدىن.
كەسىپ باشلارىن تاشلامىشلار جۇدا،
ئالىپ كېلتۈرۈپ دىلبەرى ① پارسا.
قويۇپ ھەربىرىسىنى بىر تەن بىلە،
تەزەررۇئ قىلىپ ئاھۇ شېيۋەن بىلە
تەھارەت قىلىپ ئىككى رەكئەت نەماز
قىلىبان سۈرۈپ يەرگە رويى نىياز.
دېمىش كۆز ياشىن ئاقىزىپ كەي ② ئىلاھ،
ئەياندۇر ساڭا بۇ ئىككى بى گۇناھ.
تاپىپدۇر ستەمكارلاردىن زەرەر،
بۇلار دەردىدىن ماڭا قاندۇر جىگەر.
كىم ئېردى بۇلار بى زەرەر بەندەلەر،
يوق ئېردى بۇلاردىن كىشىگە زەرەر.
تىلەپ بىر-بىرى خۇشلۇغىنى مۇدام،
يۈرۈر ئېردىلەر سەير ئېتىپ سۇبھۇ شام.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «دلبرو پارسا» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ، مەنە ئېتىبارى بىلەن «دىلبەرى پارسا» ئېلىندى.

② بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «كاى» شەكلىدە يېزىلغان. بىز «كە» بىلەن «اى» نىڭ قوشۇلمىسى دەپ قاراپ «كەي ـ كە ئەي» دەپ ئالدۇق.

نى ئۇلكىم بولارغە يۆرۈپ ئالەمى،
مەتائى جەھان ئۇلغاي ئېردى غەمى.
غەمى بىر-بىرىنىڭ رىزاسىيۇ بەس،
بىرى بىرىنىڭ مۇبتەلاسىيۇ بەس.
بىرى بىردىن ئايرىلا ئالمايىن،
بىرى بىرىنىڭ خاتىرىن سالمايىن،
كەلىپ ئۇچرامىشلار بۇ ئافاتقە،
مەنى تاشلامىشلار بۇ ئەۋقاتقە.
ئەگەر رەھم قىلماي ستەمكارەلەر،
ستەم قىلدى بى رەھم خۇنخارەلەر.
سىن ئەيلەپ تەرەھھۇم بۇلار ھالىغە،
مەنى زار مەزلۇم ئەھۋالىغە.
بەرىپ يا ا باشدىن بۇلارغە ھەيات،
ماڭا يەتسە ماتەم ئۆيىدىن نەجات.
سەنىڭ لۇتفۇڭ ئالدا ئاسان ئېرۇر،
ئاتىڭ چۇن رەھمىيۇ رەھمان ئېرۇر.
چۇ مۇنداغ نىياز ئۆزرە مەزلۇمەى زار
تەزەررۇئ يۈزدىن سۇرسە، پەۋەردىگار
رەۋا ئەيلەبان ھاجەتىن ئول زەمان،
ئۇلارغە ئىنايەت قىلىپ بەردى جان.
ھەر ئىكىسى قوپتىيۇ ئولتۇردىلار،
بىرى بىردە باشلارىن كۆردىلەر.
پەرىشانلىق ئەھۋالدا ناتەۋان،
ئالىپ كەلتۈرۈپ باشلارىن ئول زەمان،
بىرىن بىرگە، بىرىنى بىرگە قوشۇپ
قويۇپ ئېردى، جانىغە ئوتلار تۈشۈپ.
بىرى بىرگە ياڭلىش بارىپ باشلارى،

قالىپ ھەيرەت ئىچرە ئاقىپ ياشلارى.
تۇرۇپتۇرلار، ئۇل زار مەزلۇم ئىشى
نە تۇرلۇك بولۇر بىلمەيىن ھىچ كىشى.
كە قايسى بولۇر ئۇل سەنەم ھەمدەمى،
باش ئۇلغايمۇ يا تەن ئانىڭ مەھرەمى.
مۇنى بۇ پەرىزاددىن سورغالى،
مەھەللدە ئەرزگە يەتكۈرگەلى
كەلىپ ئېردىم، ئۇيقۇغە سالىپ ئۆزىن،
ياتىپتۇر يۇمۇپ ناز بىرلە كۆزىن.
ئەشتىپ ياتىپ بولسە بىدار ئۇلۇپ،
بۇ كىم ئەرز قىلدىم خەبەردار ئۇلۇپ.
جەۋابىن قوپۇپ ئۇلتۇرۇپ بەرمەسە،
ئۇلارنىڭ ۋەبالىن ئالۇرمەن دېسە،
ئۇلارنىڭ ۋەبالىۇ بۇ سەرۋىناز
ئۆزى بىلگەي، گەر ① قىلماسا ئىھتىراز.

## پەرىزاد بى ئىختىيار ئويغانىپ قوپۇپ جەۋابىنى بەرىپ فېرۇز شاھغە دۇئا قىلغانى

ئەشىتكەچ قوپۇپ ئۇلتۇرۇپ ئۇل پەرى،
دېدى: ئەي شەھەنشاھلار سەرۋەرى،
كەلامىڭغە رۇھى رەۋانىم فىدا،
ھەدىسىڭغە جانۇ جەھانىم فىدا.
سەئادەت بەرىپ ھەق تەبارەك ساڭا،
نېكىم كامىڭ ئەتسۇن مۇبارەك ساڭا.
ئېرۇر ئاشنا گەرچە زاھىردا باش،
ۋەلى تەندە دۇر، تەنغە مەھرەم مەئاش،

---

① بۇ سۆز يازما نۇسىدا «ار» شەكلىدە يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «گەر» قىلىپ ئېلىندى.

كەرەككىم ئانىڭ مەھرەمى بولسە تەن،
كە مەھرەمدۇرۇر تەنگە باشدىن بەدەن.

**پەرىزاد ئىختىياردىن فىرۇز شاھقە سالىپ فىرۇزراي كەلىپ قوشۇلۇپ، پەرىزادنىڭ① ھەم ئاتا-ئاناسىغە خەبەر بېرىپ بارچەسى يىغىلىپ كەلگەنى**

بۇ ئۈچ شەرتنى چۈن ئەدا شەھرىيار
قىلىپ ئېردى، ئول نازەنىن گۈلئۇزار
دېدى: سەندەدۇر ئىختىيار، ئەي مەلىك،
ماڭا قالمادى ھېچ نەۋئ ئۆزگەلىك.
بۇ شەھزادە ئەمرىدە بولدى ئول ئاي،
خەبەر بەردىيۇ كېلدى فىرۇز راي.
ئاتاۋۇ ئاناسىغە ھەم سىيىبەر،
كىشىلەر يىبەردى كە قىلغاي خەبەر.
يەتىپ چۈن خەبەر بىلدىلەر ھالىنى،
بارى شەرت ئەدا بولغان ئەھۋالىنى.
بارى ئەھلۇ خەيلىن خەبەردار ئەتىپ،
يەتىپ جەمئ ئەسباب تەييار ئەتىپ،
ئېرەم گۈلشەنىگە رەۋان كېلدىلەر،
ئۇلۇغۇ كىچىك شادمان كېلدىلەر.

**پەرىزادنىڭ ئاتا ۋە ئاناسى كەلىپ فىرۇز شاھنىڭ ئەسل ۋە نەسەبىن سورۇپ بىلىپ، فىرۇز شاھنى فىرۇزراي بىلە كەلتۈرۈپ كۆرگەنلەرى**

كەلىپ چۈن جىگەر بەندىنى كۆردىلەر،
مەلىكزادە ئەھۋالىنى سوردىلار.
كە قايدىندۇرۇر كىمگەدۇر نىسبەتى،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «پرىزادنى» شەكلىدە يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «پەرىزادنىڭ» دەپ ئېلىندى.

نېدۇر تەۋر - رەسمىيۇ نېدۇر ئاتى.
دېدى: شەھرى سەمەن مەلىكزادەسى،
جەھان شەھلەرىنىڭكى ئازادەسى.
ئاتىسىنىڭ ئاتى مەلىك شەھسەۋار،
بەرىپ ئىككى يۈز ياش ئاڭا بىرۇ بار.
ئوغۇل، قىزدا بولغان بارى ھاسىلى،
بۇ ئېرمىش كۆرەر كۆزۈ جانۇ دىلى.
كەلىپ ئۆز ئاتى شاھ فېرۇز شاھ،
تۆكۈز بارچە ئىشدا ياراتقان ئىلاھ.
نې ئىش بولسە فەھمۇ فەراسەت بىلە،
بىلۇرۇ قىلۇر يۈز لەتافەت بىلە.
دېدىلەركە بىز ھەم كۆرەلىڭ ئانى،
كېلىپ بىزنى كۆرمەسمۇ ئول ھەم قانى.
تىلەپ كېلتۈرۈپ شاھى فېرۇزنى،
بەھەم كۆردى ھەم يارى دىلسوزنى.
مۇبارەكلىك ئەيلەي پەرى قىزلارى،
تەبەقلەردە ئالىپ جەۋاھىر بارى.
تۇرۇپ ئېردىلەر باشىغە ساچتىلار،
گۈلى بەختىن ئول شوخنىڭ ئاچتىلار.
سەرۇ پايىدە مەئۋا كەيدۇردىلەر①،
مۇناسىب بارى تەۋرىدە كۆردىلەر.

**پەرىزادنىڭ ئاتا - ئاناسى فېرۇز شاھنى خۇشلاپ ئىككى ئاي توي قىلىپ، پەرىزادنى نىكاھ باغلاپ فېرۇز شاھغە بەرگەنى**

ئاتاۋۇ ئانا داغى خۇش قىلدىلار،
رىزا باغدا گۈلدېك ئاچىلدىلار.

① بۇ مىسرا «باشتىن ئاياق كىيىمگە پۈركەۋەتتى» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

ئۇلۇغ توي ئەتىپ ئىككى ئاي چىرغالان،
قىلىشىپ پەرى خەيلى ياخشى ـ يامان.
پەرىزادىنىڭ باغلابان ئەقدىنى،
مەلىكزادەغە بەردىلەر نەقدىنى.
چۇ نەقدىنە قۇفلىغە تۇشتى كەلىد،
ئاچىلدىيۇ ساچىلدى سۇرخۇ سەفىد.
يۇگۇرگەچ دۇرۇ دانە سيمىن سەدەف،
ئالىپ كامىغە گاھى تاپتى شەرەف.
نىسار ئەيلەدى لەئلۇ ياقۇتىنى،
دۇرۇ دانەدىن تاپتى چۇن قۇتىنى.
سەدەفقە بەلى ئۇمر تا باقىدۇر،
ھەمىشە دۇرۇ دانە مۇشتاقىدۇر.
بەھار ئەۋۋەلى بولسە نەيسان چاغى،
چىقىپ بەھر ئۇزە ھەرنە دەريا داغى،
تۇرۇر قەترەئىغە چىكىپ ئىنتىزار،
كە قىلغاي نەسىب ئاڭا پەرۋەردىگار.
نەسىب ئەيلەگەن قەترەئى جەزب ئەتىپ،
تىنىپ كۆڭلى دەريا تۇبىگە كەتىپ.
تاپىپ مۇددەئاسىنى ئەيلەپ قەرار،
بولۇر ئىرمىش ئانىڭ بىلە دانەدار.
نەچەگە نەسىب ئولماي ئول قەترە سۇ،
يانارلار ئىمىش بەرمەي ئول ئابرو.
يەنە ئەبرى نەيسانغەچە كۆز تۇتۇپ،
يەنە بولسە ھەم روزى قىلغاي يۇتۇپ.
گەھى خۇش، گەھى ناخۇش ئەھلى جەھان،
ئۆتەرلەر ئىمىش ياخشى، گاھى يامان.

**فېرۇزرايغە ھەم نازەنىن پەرىنى قويلاپ، ئەقىل باغلاپ بەرگەنلەرى**

چۇ تاپتىلار ئۇل ئىكى يار ئىتتىسال،
چەكىپ بىر - بىرى بىرلە جامى ۋىسال.
جەھان باغىدا كامران ئولدىلار،
گۈلى ئەيش ئاچىپ شادمان ئولدىلار.
بار ئېردى پەرىزاد رەئناغە ھەم،
كۆكەلداش ئۆزىدىك يەتىلگەن بەھەم.
ئېمىپ بىر سۈت ئولغان ئىكەۋ پەۋەرىش،
جۇدا بولماغان بىر زەمان يازۇ قىش.
ھەممشە ئانىڭ مەھرەمى، ھەمدەمى
ئۇل ئېردىيۇ ئاندىن يوق ئېردى كەمى.
بارى ھۆسن تەۋرىدە كامىل ئېدى،
نېكىسىم ئانداداۇر مۇندا ھاسىل ئېدى.
ئانىڭ ۋالىھى بولدى فېرۇز راي،
چۇ بۇ ۋالە بولدى، مۇڭا ھەم ئول ئاي.
بىرى بىرىگە نىسبەتىن قىلدىلار،
ئۇلار ھەم جەھان ئىشرەتىن قىلدىلار.

**مەلىك شەھسەۋار فېرۇز شاھنىڭ ئىزىچە بارىپ تاپالماي يانىپ كەلىپ، ئاناسى فېرۇز شاھنىڭ فىراقىدا ئۆلگەنى**

بۇلار مۇندا ئەيشۇ ئىشرەت بىلە،
كۆڭۈل ئىستەگەندىك فەراغەت بىلە
تۇرۇپ، بىر ئۆتۈبان مەلىك شەھسەۋار

گه قالدى ئەدا دەستىدە كۆڭلى فىگار
ئانىڭ ھالىدىن ھەم بەيان ئەيلەلى،
نې بولدى، نې قىلدى، ئەيان ئەيلەلى.
كېيىك كىم ئۆتۈپ شاھ فېرۇز ئانى
قاۋۇپ كەتتى ئول پۇر دىلسوز ئانى.
كۆرۈپ تۇردى تا بولدى كۆزدىن يىراق،
ھەزىن جانغە تۈشتى دەردۇ فىراق.
تەھەممۇل قىلا ئالماي ئاۋنى سالىپ،
جىگەر گۇشەسىنىڭ ئىزىنى ئالىپ.
رەۋان بولدىيۇ تاپتى ئېل ھەم خەبەر،
تۈشۈپ شاھنىڭ سوڭىغە سەربەسەر.
سۈرۈبان يەتىپ، ئىستەشىپ ھەر نېچە،
ئىزىنى ئىزەرلەپ قاراڭغۇ كېچە.
تاپالماي ئىزىنى ھەم ئىتۈردىلەر،
ئۆتۈپ ئول كېچە تاڭلا ھەم سۈردىلەر.
بىلە ئالمادىلار كە باردى قايان،
تىلەبان تاپىلمادى نامۇ نىشان.
كېيىكنىڭ ئىزىچە كەلىپ ئىتتىلەر،
كىشى بىلمەدىكىم قايان كەتتىلەر.
بىر ئايچە يۈرۈپ ئىستەپ ئېل سەربەسەر،
نې دەشتۇ نې سەھرا نې كوھۇ كەمەر.
تاپا ئالمايىن نا ئۇمىد ئولدىلار،
جەھاننى كەزىبان بىر ئاي يۈردىلەر.
قارارىدى كۆزىگە جەھان شاھنىڭ،
فىراقىدا فەرزەندى دىلخاھنىڭ.
يۈرەكى سۇ باغرىيۇ بىريان ئېدى،
بۇ ۋەھىيۇ غەم ئىچرە ئىچى قان ئېدى.

گە قاي سارى باردى جىگەر پارەسى،
قالۇرمۇ ماڭا بۇ يۈرەك يارەسى.
پەلەك ئەتتىمۇ تۇئمە بىيشە ئارا،
ئالىپ كەتتىمۇ تاغ ئارا ئەژدەھا.
سۇغە تۈشتىمۇ، يۇتتىمۇ يا نەھەڭ،
ھەۋا قىلدى سىمۇرغ ئالىپ يا پەچەڭ.
يىقىلدىمۇ ئاتتىن يامان يەر كەلىپ،
ياياق قالدىمۇ ئاتتىن ئايرىلىپ،
سۇساپ سايەئى ئارزو قىلدىمۇ؟
پەناھى تاپىپ ئاندا يىقىلدىمۇ؟
يىقىلغاندا ياخۇد ئاتتىن يامان،
كەتىپ ھوشتىن بىخۇد ئولغان زەمان،
بۆرىلەر گۇزارىغە تۇش بولدىمۇ؟
تەنى تۇئمەئى، رۇھى قۇش بولدىمۇ؟
دىيپ ئەيلەر ئىدى ھەر زەمان بىر خىيال،
تاپىلماغلىغى بولدى ئاخىر مۇھال.
نې ئىزۇ نې توزدىن ئولدى نىشان،
يارۇغ كۆزلەرىگە قارارىدى جەھان.
ئۇمىدىن جىگەر گوشەسىدىن ئۈزۇپ،
بۇلۇتدېك قارا چىرماپ ئەفغان تۈزۇپ.
خەزان يامغۇرىدېك ئاقىزىپ ياشىن،
تۇتۇپ دۇدى ماتەم ئوتىدىن باشىن.
يۇلۇپ ئاق ساقالىنى بەرباد ئەتىپ،
ياقاسىن قىلىپ چاكۇ فەرياد ئەتىپ.
يانىپ تۈشتى ماتەمدە تۈندېك بولۇپ،
ئۇلۇ ـ ئىشرەتى غۇسسەغە ئۆيرۈلۈپ①.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اويورولوب» شەكلىدە يېزىلغان. ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «ئۆيرۈلۈپ» دەپ ئېلىندى.

ئاناسى جەھان بانۇيى پاك چىھر،
خەبەر تاپتىكىم دەھر تەرك ئەتتى مىھر.

قويۇپ شاھ ئاياغىغە باشىنى، زار
قىلىپ، يۈزۈ كۆكسىنى ئەيلەپ فىگار.

كۆيۈپ① ماتەم ئوتى بىلە ناتەۋان،
فىراق ئىچرە تەگرىگە تاپشۇردى جان.

**مەلىك شەھسەۋار ئوغلىنىڭ ۋە ھەمخانەسىنىڭ فىراقىدا خەراب بولۇپ ئەفغان قىلغانى**

چۇ كۆردى مەلىك شەھسەۋار ئۆزىلە ھال،
دېدى: ئەي ئەجەل جانى زارىمنى ئال.

يىگىتلىكدە مۇنداق بەلا كۆرمەدىم،
نىشاتۇ تەرەبدىن ئۆكۈن سۈرمەدىم.

كۆچۈ قۇۋۋەتىم باردا دەردۇ غەم
يەتىپ چەكمەدى جانۇ كۆڭلۈم ئەلەم.

قارىلىغداغى دەۋلەتۇ ھۆرمەتىم،
جىگەر گۇشەم ئېردى كۆچۈ قۇۋۋەتىم.

كۆچۈ قۇۋۋەتىمدىن جۇدا ئەيلەدىڭ،
ئاڭا ھەمدەممىنى فىدا ئەيلەدىڭ.

بۇلارسىز ماڭا ئېمدى نېدۇر ھەيات،
مۇنىڭدېك ھەيات ئۆتكەنى ياخشى پات.

دېيىپ ئەفغان قىلۇر ئېردى بىچارە پىير،
بولۇپ ماتەم ئىلكىدە جانى ئەسىر.

تىرىكلىكدىن تارتىبان يۈز مەلال،

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «قويۇپ» يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «كۆ-يۈپ» بولۇشى توغرا تېپىلدى.

بولۇپ ئېردى زۇئىق ئىچرە ئانداغكە نال.
ئوغۇل دەردىدىن ھەمنىشىنى (1) غەمى،
خەراب ئەيلەر ئېردى دەمىدىن دەمى.

**مەلىك شەھسەۋارغە سەلىم كۆڭۈل بەرىپ نەسىھەت بىلە راي كۆرسەتكەنى**

چۇ شاھ ئولدى ھىجران غەمىدىن خەراب،
سەلىم جەھان دىدەغە ئىز تىراب
تۇشۇپ، ئۆرتەنىپ جانى، بىر كۈن كەلىپ.
شاھ ئالىدا ئولتۇردى مەھزۇن كەلىپ.
ئايىتتىم، ئەي شاھ، نېچۈن سىتەم
ئۆزۈڭگە قىلىپ، تارتادۇرسېن ئەلەم.
تەۋەللا قىلىپ ھەققە سەبر ئەيلەگىل،
غەمۇ غۇسسەغە ئۆزنى كۆپ بەرمەگىل.
خۇدا بەندەسىدۇر ئۇلار، بىر داغى،
ئۇلارنىڭ مۇنگدىك ئەتىپ بارماغى
ئېمەستۇرۇر ئەلبەتتە بى ھىكمەتى،
ئۇلارغەدۇر ئەلبەتتە بىر ھالەتى.
كىشى چۈن كۆزى بىرلە كۆرگەن ئېمەس،
تەھى بولغان ئولغان ئۇلارغە قەفەس.
يامان فال نېچۈن كەرەكدۇر بۇ تەۋر،
سالۇر بۇ سىفەتلەرنى ئەيىامى دەۋر.

---

(1) بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «ھەمنشى» شەكلىدە يېزىلغان. مەنە ۋە ۋەزنى ئېتىبارى بىلەن «ھەمنىشىنى» دەپ ئېلىندى.

ئېمەستۇر مۇڭا بى تەھەممۇللۇق ئىش،
تەھەممۇل قىلۇر مۇنداۋۇ قۇللۇق ئىش.
تەزەررۇئ قىلىپ تەڭرىگە سۇبھۇ شام،
تەلەب ئۇستىدە ئەيلەلىك ئېھتىمام.
يەتىمۇ فەقىرۇ ئەسىرۇ غەرىب،
خۇدا يولىدا بىردىن ئالسۇن نەسىب.
گۇنەھكار زىندانىيۇ بەندەلەر
كە بەندۇ بەلا بىرلە شامۇ سەھەر،
دىل ئازۇردەۋۇ دەردۇ غەم دىيدەدۇر،
پەرىشانۇ مەھجۇرۇ رەنجىيدەدۇر،
ئۇلارنى قىلىپ لۇتف ئازاد ئەتىلىك،
ئالىپ كۆڭلىنى، خاتىرىن شاد ئەتىلىك.
تۇل - ئۆكسۈككە خەير ئىلە ئېھسان قىلىلىك،
بۇ ئىبلىنىڭ دۇئاسىن ئىجابەت قىلىلىك.
بىرىنىڭ دۇئاسىنى ھەق مۇستەجاب
ئەگەر قىلدى، بولدۇق بىلىڭ كامياب.
بۇ ئىشنى قىلىپ شەھ سەبر ئەيلەمەك،
ئېرۇر جۇملە مەقسۇددىن بەر يەمەك.
پەيغەمبەرلەر ئىچرە ۋەھەم، شەھرىيار،
سالىپدۇر بۇ ھىجران ئوتىن كىردىگار.
بار ئېركىن ئانىڭ تا نېچۈك ھىكمەتى،
نەتەي دېسە ئانى قىلۇر قۇدرەتى.
ئانىڭدېك كە يەئقۇب پەيغەمبەرىن،
ھەسەد ئوتىغە سالىپ ئوغلانلارىن.
سەبەب قىلدى يۇسۇفدىن ئەتتى جۇدا،

فىراقى بىلەن ئەيلەدى مۇبتەلا.
ھەمىشە كۆيۈپ داغى ھىجران ئارا،
غەمىن ئولتۇرۇپ بەيتۇلئەھزان ئارا،
يىغىدىن دەمى خالى ئېرمەس ئېدى،
كۆرەر كۆزلەرى نۇر بەرمەس ئېدى.
نىھايەتدىن ئاشتى ئېسە غۇسسەسى
فىغان بىرلە بى سەبرلىق قىسسەسى.
خىتاب ئەيلەدى ھەق كىم، ئەي مەردى ھەق،
ئەگەر بولدى ئوغلۇڭ جۇدا بىزگە باق.
بىز ئېيتتۇق جۇدا، سىن بىزنىڭ بىرلە بول،
بىزنىڭ بىرلە بولساڭ، قايان بارغاي ئول.
ئەگەر ئېمدى مۇندىن نەرى غەم يەسەڭ،
بولۇپ سەبرسىز، يۇسۇف ئاتىن دېسەڭ،
سالۇر بىز سەنى ھەم بىز ئۆزدىن يىراق.
بىلۇرسىن ئۆزۈڭ قايسىدۇر ياخشىراق.
ھەر ئاسان ئولۇپ تەڭرى فەرماندىن،
چىقىپ گوشەئى بەيتۇلئەھزاندىن.
ئۇنۇتتى تەمامۇ غەمۇ مىھنەتىن،
ئىكىنچى ئايتمادى يۇسۇف ئاتىن.
تەھەممۇل قىلىپ تەڭرى يادى بىلە،
بولۇپ ئېردى ئانىڭ مۇرادى بىلە.
جەھان ئافەرىن ھەم فەلەك گەردىشىن
تۈزۈپ راي ئەلە قىلدى ئاسان ئىشىن.
جۇدا بولغان ئوغلىن بەرىپ ئىززۇجاھ،
قىلىپ مىسرى تەختى ئۈزە پادىشاھ.
خۇشا بەردىيۇ ئەيلەدى شادمان،

يارۇدى قارا كۆزلەرىگە جەھان.
جەھان مۈلكىدىن دەۋلەتۇ جاھ ئىلە،
دىلى رەۋشەنۇ[1] جانى ئاگاھ ئىلە.
ئەبەد مەنزىلىغە قەدەم قويدىلار،
ئېل ئانىڭ ئاتىنى ئەدەم قويدىلار.
بارىمىزغە داغى رەۋىش ئۇشبۇدۇر،
ئۆكۈن ئىش ئىش ئېرمەستۇر ئىش ئۇشبۇدۇر.

**مەلىك سالىمنىڭ سۆزىگە خۇشھال بولۇپ، ئىختىيارنى سالىمغە سالىپ، خەيرۇ ئېھسان قىلغانى**

بۇ سۆزلەرنى شاھ ئول جەھان دىدەدىن،
ئەشىتكەچ ياش ئەيلەپ رەۋان دىدەدىن.
دېدى: ئەي ھەدىسىڭدە جان راھەتى،
سەنىڭ بىرلە بولسۇن جەھان دەۋلەتى.
كىم ئولغايمۇ ئانداغ كە فىرۇز شاھ،
تىرىك بولغايۇ قوشقاي ئانى ئىلاھ.
ھەدىسىڭ مەنى قىلدى ئۈمىدۋار،
نېچۈككىم تىلەر رەئيىڭ ئول ئىختىيار.
نېكىم بەندۇ زىندانى باردۇر بارىن،
قويۇڭۇ بەرىڭ ئانچە سىيمۇ زەرىن.
كە ھىچكىمگە مۇھتاجلىق چەكمەسۇن،
خۇدا يولىدا ئالسۇنۇ ئەنجۇسۇن.
يەتىمۇ فەقىرۇ غەرىبۇ ئەسىر،
تولۇ بېۋە خاھى يىگىت، خاھى پىير.
بەرىڭ خىلئەتۇ ئاشۇ نانۇ تەئام،
قۇرۇق قالماسۇن بەندەۋۇ خاسۇ ئام.
سەلىم ئۇنچە فەرمان قىلىپ ئېردى، شاھ

[1] بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «دىلۇ رەۋشەنۇ» يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «دىلى رەۋشەنۇ» دەپ ئېلىندى.

يۈز ئانچە قىلىپ كوشىش ئول نىيكخاھ.
قىلىپ بەندۇ زىندانىلارنى خەلاس،
بولۇك دېدى دەرگاھى ئالىيدا خاس.
نېكىم ئېردى دۇنيادا مۇھتاجلار،
غەنى بولدىيۇ تويدى ئاچلار.
ئۇلۇسنىڭ دۇئاسى بولۇپ راھبەر،
تەزەررۇئ بىلەن ئۆزى شامۇ سەھەر،
تەلەب ئۈستىدە بولدى ئۇممىدۋار،
كە بەرگەي تىلەكنى پەرۋەردىگار.
بەلى كىم كە خالىق رىزاسىن تىلەر،
بولۇر خەلقى ئەھۋالىدىن باخەبەر.
ئانىڭ ھالىدىن ھەم ئول ئاگاھ ئېرۇر،
يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆز مۇرادىن بەرۇر.
ۋەلى ئادەمى ئەسرۇ غەفلەتتەدۇر،
تىكىپ كۆزنى دۇنياغە مىھنەتتەدۇر.
ئەگەر بەندەسى بولسە ئانىڭ بىلە،
ئانىڭ لۇتفۇ ئىھسانىدىن نې گىلە.
نەچە غەفلەتى بولسە ھەم ئادەمى،
كەرەم، كۆركە، رىزقىن كەم ئەتمەس دەمى.

## فېرۇز شاھ ئاتاسىنى تۈشىدە مۇناجات ئۈزە كۆرۈپ پەرىشان ئويغانغانى، پەرىزاد پەرىشانلىغىنىڭ سەبەبىنى سورغانى

بۇلار مۇندا تۇرسۇن تەلەب① ئۈستىدە،
ئۇلاركىم نەشاتۇ تەرەب ئۈستىدە
قالىپ ئېردىلەر، ئېمدى ئول يان گۇزەر

① يازما نۇسخىدا «تەلەب» سۆزى چۈشۈپ قالغان، مەنە ۋە قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى.

قىلىپ ئەيلەلى قىسسەنى مۇختەسەر.
پەرىزاد رەئنا بىلە شەھرىيار،
چىقىپ جامى گۈلگۈن، ئالىشىپ كەنار،
ياتىپ ئىردىلەر كىم سەھەرگاھ ئىدى،
كۆز ئۇيقۇداۋۇ كۆڭۈل ئاگاھ ئىدى.
كە كۆردى ئۆزىن شاھ سەمەن① ئارا،
ئۇلۇسنىڭ باشىندا تۇتۇندىك قارا.
ئاتاسى ھەرىمىغە قويسە قەدەم،
قاراڭغۇلۇق ئىردى ھەرەم سەھنى ھەم.
تاپا ئالماس ئىردى كىشىكىم خەبەر،
سوراپ بىلگەي ئول تۈندۇر ۋە يا سەھەر.
قەدەم قويسە ئىلگەرى، ئول پىيرى زار
قاراڭغۇلۇق ئىچرە چەكىپ ئىنتىزار.
قويۇپ باشىنى يەرگە گىريان ئىرۇر،
فىراق ئوتىدا باغرى بىريان ئىرۇر.
قىلىپ نالەۋۇ زارۇ ئەفغان تۈزۈپ،
فىغان بىرلە ھەر لەھزە كۆڭلىن بۇزۇپ.
مۇناجات ئۆزە دەيدۇر ئەي بىرۇ بار،
سەنىڭ ھەزرەتىڭدە ئىرۇر ئاشكار.
كە يىللار تەلەبكارى فەرزەند ئىدىم،
ئەسىرۇ خەرابۇ جىگەر بەند ئىدىم.
كە مەن بارسام ئورنۇمدا ئولتۇرغاي ئول،
ئۆچۈرگەن چىراغىمنى ياندۇرغاي ئول.
ئۇلۇسۇم ئۆزە پادىشاھلىغ سۈرۈپ،
كىيىپ تاجۇ تەختىم ئۆزە ئولتۇرۇپ.

① يازما نۇسخىدا «شاھ سىيمىن» يېزىلغان بۇ سۆز بىزچە «شەھرسەمىن — شەھرى سەمەن» دولسا توغرا بولاتتى ۋە مەنە ھەم ۋەزىن جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلەتتى. بىز ئەسلىنى ئۆزگەرتمىدۇق.

جەھان ئىچرە ئەيشۇ سۇرۇر ئەيلەگەي،
ئانى كۆرسە رۇھۇم ھۇزۇر ئەيلەگەي.
ئىچۈككىم تىلەر ئېردى خاتىر ماڭا،
بارى رەۋشەنۇ زاھىر ئېردى ساڭا.
ئىنايەت قىلىپ بەردىڭ ئانداغ ئوغۇل،
كىم ئاچىلغان ئېرمەس ئېدى ئۇيلە گۇل.
ۋەلى غۇنچەسى ئاچىلۇر چاغىدا،
كۆرۈنۈپ كېلۇردە نەزەر باغىدا،
نې غەم تۇندى بادىغە قىلدىڭ دۇچار،
قايان سالدى گەردۇن بى ئىتىبار.
كە نامۇ نىشانىدىن ئانىڭ خەبەر،
بىلە ئالمادىم، باردى نۇرى بەسەر.
كېيىكنىڭ ئىزىچە بولۇپ رەۋىراھ،
قايان باردى فەرزەندىم، دىلبەندىم، ئاھ.
جەھاندا تىرىكمۇ ئېكىن يا ئۆلۈك،
يەنە بارمۇ ئېكىن ئانى كۆرگۈلۈك.
ۋە ياخۇد بۇ ئەرمان ئىلە خارۇ زار،
بەرىپ جان قالۇرمەنمۇ بى بەرگۇ بار.
دەرەختىكە بى بەرگۇ بار ئولغاي ئول،
جەھان ئىچرە نې قەدردار ئولغاي ئول.
نې سايە ئېرۇر ئاڭا، نې مېيۋەئى،
كە سايەسىدە بەر يەگەي بىمېيۋەئى.
كەسىپ ئوتغە ياقماغدىن ئۆزگە ئانى،
جەھان بوستانىدا سودى قانى.
مەنى ئۇيلە بى بەرگۇ بار ئەيلەدىڭ،
كە بى قەدرۇ بى ئىتبار ئەيلەدىڭ.
كەسىلەي ئۇمىدىم، نې بولدي ز نى،

لي قىلدى فىراق ئوتقه ياقماي مەنى.
ئاتاسىنى چۇن كۆردى بۇ هال ئىله،
پەرىشانۇ ئاشۇفته ئەھۋال ئىله.
كه نەۋمىدلىك ئۆزه ئەيلەپ نەفىر،
فىراق ئوتىدا ئۆرتەنۇر خەسته پىر.
پەرىشان ئولۇپ قوپتى بىدار ئولۇپ،
ئاتاسى فىراقىدىن ئەفگار ئولۇپ.
كۆزىدىن تەرەھھۇم ياشى ئاقىلىپ.
ئاتاسى ئوتى جانغه ياقىلىپ.
پەرىزاد رەئنا داغى سەسكەنىپ.
كۆزنى ئاچىسه، فىرۇز شاه ئويغانىپ
قوپۇپ ئولتۇرۇپ زارۇ گىريان ئىرۇر،
پەرىشانلىغ ئوتىدا بىريان ئىرۇر.
دىدى شوخ رەئناكىم، ئەي شەھرىيار،
ناغۇ خاتىرىڭ بولدى مۇنداق فىگار.
ناغۇ نەرگىسىڭ ئەشك ئىله لالەفام
بولۇپ، ئىشرەت ئۇيقۇسىن ئەيلەر هەرام.
مەنى ئەيله بۇ هالدىن با خەبەر،
كه قان بولدى ماڭا بۇ غەمدىن جىگەر.

**فىرۇز شاه ئاتاسىنى تۇش كۆرگەنىنى پەرىزادغه ئايتقانى**

دىدى: ئەي كۆزۈم رەۋشەنى مەھۋەشىم،
دىمەگىكىم نې ئۆچۈن رەۋاندۇر ياشىم.
ناغۇ مۇنداغ ئاشۇفته ئەھۋال مەن،
بولۇپ خاتىرىم خەسته بەدهال مەن.
تۈشۈمدە ئاتام هالىن ئەسرۇ خەراب

كۆرۈپ تۈشتى كۆڭلۈمگە بۇ پىچۇ تاب.
مەنىڭ ئۈچۈن ئەسرۇ دىل ئەفگار ئىمىش،
فىراقىمدا① ئەھۋالى دىشۋار ئىمىش.
باشىنى قويۇپ سەجدەگە خەستە پىير،
يۈزىنى سۈرۈپ يەرگە پۇر فەقىر.
مۇناجات ئۈزە دەيدۇرۇر كەي ئىلاھ.
قانى كۆزلەرىم نۇرى فىرۇز شاھ.
قانى ئول، بۇ يەرگە يەتىپ ھاسىلىم،
كۆرەر كۆزۈمۇ جانۇ ئەقلۇ دىلىم.
ئانامدىن خۇد ئاسار پەيدا ئىمەس،
مۇناجات ئۈزە بىر ئاتامدۇرۇر بەس.
ئاتام ئانچە قىلغاندا مەزلۇم ئانام،
يەمەسمۇ ئىدى بولسە يۈز مۇنچە غەم.
فىراقىمدا مەزلۇم مىسكىن ئۆتۈپ،
ئاتام قالدىمۇ يالغۇزۇن غەم يۇتۇپ.
ئاتام يانىدا ئورنى خالىدۇرۇر،
مەگەركىم ئەجەل پايمالىدۇرۇر.
پەرىشانلىغىمغە سەبەب ئۈشبۇدۇر،
بۇ غەم بىرلە جانى ھەزىنىم سۇدۇر.

**پەرىزاد فىرۇز شاھنىڭ تۈشىنى ئىشىتىپ پەرىشان بولۇپ،**
**شەھرى سەمەنغە بارۇر مەسلەھەتىنى كۆرگەنى**

ئەشىتكەچ بۇ ۋاقىئەنى ئول نازەنىن،
بولۇپ خاتىرى خەستە، جانى ھەزىن.
تۆكۈپ شەمئىدىك ئەشكى دۇردانەسىن،

---

㉓ بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «فراقىدا» شەكلىدە يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «فىراقىمدا» دەپ ئېلىندى.

كۆرە ئالباي ئول ئوتدا پەرۋا نەسىن.
دېدى: ئەي ئىزلىك تۇزى تاجى① سەرىم
باشىمدىن ئاياغىم تۇفەيلىڭ بارىم.
تۇمەن مىڭ مەنىڭدېك زەئىفۇ ھەزىن،
ساڭا سەدقە بولسۇن، سېنى ئولمە② غەمىن.
نې يەرگە قەدەم قويساڭ ئول يەردە مەن.
باشىمدۇر ئاياغىڭدا ھەرقايدا سېن.
فەلەك ئېمدى سەندىن يىراق ئەتمەسۇن،
فىراقىڭ بەلاسىنى كۆرسەتمەسۇن.
ئاتاڭ ئانداغ ئولسە فىراقىڭدا زار،
ساڭادۇر نې فەرمانلاساڭ ئىختىيار.
ۋەتەن سارىغە خاتىرىڭ قىلسە مەيل،
نې مانىئ يولۇڭدا تۇمەن جان تۇفەيل.
مۇڭا مۇنچە خاتىر پەرىشان نېدۇر،
دىلۇ دىيدە بىريانۇ گىريان نېدۇر.
ئاتاۋۇ ئانا ئاندا ئانداق خەراب
بولۇپ، بىزگە تۇرماغلىغ ئېرمەس سەۋاب.

**فېرۇز شاھ بىلە پەرىزادنى شاھ تاجى بەخت③ بىلە ماھرويى شەھرىزەررىندىن كەلىپ ياخشى ياراغلار بىلە شەھرى سەمەنغە ياندۇرغانى**

بۇ سۆزدىن بولۇپ شەھ بەغايەت خۇشان،
مۇۋافىق ئىكى يار ئولۇپ ئول زەمان.

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «تاجۇ سەرىم» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «تاجى سەرىم — بېشىمدىكى تاجىم» دەپ ئېلىندى.

② «بولما، بولمىغىن» مەنىسىدىكى بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «اولمە» يېزىلغان. ترانسكرىپسىيىدە ئۆزگەرتىلمىدى.

③ بۇ سۆز يازما نۇسخىدا ئۇنتۇلغان. بىز قوشۇپ قويدۇق.

قىلىپ ئىتتىپاق ئەيلەدىلەر ياراغ،
ياراغ ئەيلەدىلەر بىئەيشۇ فەراغ.
خەبەردار ئولۇپ كېلدى شەھ تاجى بەخت،
كە باغلار جىگەر بەندى سەممەنغە رەخت.
ئاناسى داغى ماھرويى زەرىف،
دىل ئەفگار كەلدى، ئېرۇر چۈن زەئىف.
زەئىفۇ قەۋى ئالەم ئىچرە بەلى
ئېرۇر بارچەغە ھىجر مۇشكۇل، ۋەلى
زەئىف ئېلگە دىشۋار ئېرۇر ئۆزگەدىن،
زەئىف ئېل دىل ئەفگار ئېرۇر ئۆزگەدىن.
مۇكەممەل بولۇپ بارى جابدۇقلارى،
چىقىپ يۈككە جابدۇقدىن ئارتۇقلارى.
پەردىن بەرىپ شاھ قىرىق ئۆي قىزى
كە ھەر بىرىنىڭ يەرگە باسقان ئىزى
فەلەكدە كەلەر كۆزىگە تۇتىيا
بولۇر ئېردى، ئادەغە خۇب نې بەلا.
يەنە نەچچە قۇل بەچچەلەر ھەم بۇ تەۋر،
كە كۆرگەن ئېمەس ئېردى ئەييامى دەۋر.
تۇتۇپ ھەر بىرى بىر مەھارى قاتار،
رەۋان بولدىلار يولغە بى ئىختىيار.
بۇلار ھەم ئىجازەتلەشىپ، ئاتلانىپ،
رەۋان بولدىلار ئېرسە ئوتدېك يانىپ.
ئاتاۋۇ ئانا يىغلاشىپ قالدىلار،
فىراق ئىچرە غەم نەغمەسىن چالدىلار.
بارى ئالەم ئەھلىغە ھال ئۆشبۇدۇر،
بىل بارچەغە ئەھۋال ئۆشبۇدۇر①.

㉓ يازما نۇسخىدا «ئۆشبۇ ئەھۋالدۇر» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «ئەھۋال ئۆشبۇدۇر» دەپ ئېلىندى.

كه بارچه تەلەبكارى فەرزەند ئېرۇر،
چۇ بولدى، ئاڭا جانى دىلبەند ئېرۇر.
ئەگەر كۆرسە كۆز قەترەئى ياشىدىن،
يەتەر ئولدەم ئۆيرۆلگەلى باشىدىن.
كەفى پايىغە ناگەھان تېگسە خار
قىلۇر جانىغە نەيزە تېككەنچە كار.
بۇ ياڭلىغ جىگەرخۇنلۇق ئىلە مۇدام،
قىلۇر پەرۋەرىش، كۆرسەتىپ ئېھتىمام.
ھەمىن كىم يەتىپ ياشقە بالىغ بولۇر،
ئانىڭ شىيۋەسى بىۋەفالىغ بولۇر.
دەرىغا كە ئالەم ئىشى ئۆشبۇدۇر،
جەھان ئەھلىنىڭ ئالىشى ئۆشبۇدۇر.
بۇگۈنكىم كۆرەر مېھرىبانلار ۋىسال،
ئۆتەر چۇن بۇگۈن- تاڭلا باردۇر خىيال.
چۇ تەڭرى تەئالا بۇ ئەمر ئەيلەمىش،
جەھان ئەھلىنىڭ شىيۋەسى بۇ ئېمىش.

**فېرۇز شاھ ۋە پەرىزاد شەھرى سەمەنغە يەتىپ، مەلىك شەھسەۋار ئەشىتىپ، ئالىغە تەمام خەلق بىلەن چىقىپ كۆرۈشۈپ، بىلىك ئوغلى كۆرۈپ شاد بولۇپ.**

**فېرۇز شاھ ئاناسىن يوقلاغانى**

رىۋايەت قىلۇر بۇ سىفەت پۇر راھ،
كە چۇن يەتتى سەمەنغە فېرۇز شاھ.
ئاتاسى خەبەردار ئولۇپ، شادمان
بولۇپ، كۆزلەرىگە يارۇدى جەھان.
كىم ئۆچكەن چىراغىنى ھەق ياندۇرۇپ،
يوقالغان جىگەر بەندىنى يەتكۈرۈپ.
قۇرۇغان گۈلىستانىنى سەبز ئېتىپ،

چىقىپ كېلدى سەرۋى رەۋانى يەتىپ.
چىقىپ ئالىغە ئۇترۇ شاھۇ گەدا،
كۆرۈشۈپ قىلىپ جانلارىنى فىدا.
ئاتاسى ئاياغىغە ئوغلى تۈشۈپ،
قۇچۇپ ئوغلىنى كۆزلەرى يارۇشۇپ.
تۆكۆپ شادلىق ئەشكىنى كۆزىدىن،
كۆتەرمەي كۆزىن ئوغلىنىڭ يۈزىدىن.
قىلۇر ئېردى شۇكرى خۇدايى كەرىم،
نېچۈككىم بۇ ئوغلى بىلە ھەم سەلىم.
ۋە لېكىن ئاتاسىنى فېرۇز شاھ
ئاتاسى بىلە كۆرمەگەچ تارتىپ ئاھ.
دېدى: ئەي دەرىغ ئول ۋەلى نىئمەتىم،
دەمى كۆرمەگەن جۇز غەمۇ مىھنەتىم
ئاتام مىھرىبانىم، قىبلەم قانى،
كە سۇلتان ئاتام بىرلە كۆرمەن ئانى.

**مەلىك فېرۇزشاھغە ئاناڭ فىراقىدا باردى، دېپ ئايتىپ، شەھەر ۋە خەلقنى، پادىشاھلىغىنى فېرۇز شاھغە نەسىھەت قىلىپ تاپشۇرۇپ ۋەسىيەت قىلىپ جان بەرگەنى**

چۇ دەردۇ فىراق ئىلە شاھى جەھان،
بولۇپ ئېردى زۇئىف ئىچرە بەس ناتەۋان.
ۋەلى ئوغلىنى كۆرمەك ئۇممىدىدە،
يۈزىگە يۈزىن سۈرمەك ئۇممىدىدە،
ئىلىنىپ تۇرۇپ ئېردى تېك ئۆلمەيىن،
تىرىكتېك ئۆلۈك سانىدا بولمايىن.
يوق ئېرسە ئۆتۈپ دەردۇ غەم مەغزىغە،
چىقارغە يەتىپ ئېردى جان ئاغزىغە.

كه يەتتى جىگەر بەندىۋ بىر زەمان،
ئانىڭ خۇشلۇغى بىرلە جىسمىدا جان.
تۇرۇپ ئېردى بىر لەھزە ئەيلەپ قارار،
ئاناسىن سۇئال ئەيلەگەچ شەھرىيار
فىراقىداغى دەردۇ غەم يادىغە
تۇشۇپ، ئوت سالىپ جانى ناشادىغە.
ئايىتتىكىم ئەي نۇرى دىيدەم مەنىڭ،
مەنى سالدى يالغۇز فىراقىڭ سەنىڭ.
فىراقىڭدا بەرباد قىلدى ئۆزىنى،
فىراقىڭ غەمى بىرلە يۇمدى كۆزىنى.
يەتىپ ئېردىم ئول ھالغە مەن داغى،
بولۇپ ئېردى① ئۇمرۇمنىڭ ئاخىر چاغى،
سەنى كۆرمەكىم ئېردى بۇ ئارزۇ،
ھەيات ئىستەرىمدىن غەرەز ئېردى بۇ.
كە سېنى بولساڭ ئورنۇمداۋۇ تاجۇ تەخت
ساڭا بولسەۋۇ ئورناسا تەختۇ بەخت.
بولۇپ خاتىرىم جەمئ سەندىن تەمام،
جەھان باغىدىن ئەيلەگەيمەن خىرام.
بىھەمدۇللا ئولكىم مۇرادىم ئىدى،
سەنى بەردى باشدىن ياراتقان ئىدى.
ساڭا بولسۇن ئېمدى جەھان گۇلشەنى،
سەلامەت خۇدا تۇتسۇن ئېمدى سەنى.
گۇلۇ گۇلشەنىڭ تازە بولسۇن سەنىڭ،
جەھان ئىچرە ئاۋازە بولسۇن سەنىڭ.
نىھالى قەدىڭ سەرۋىدېك سەرەفراز

① بۇ سۆز يازما نۇسخىدا «بولۇب ايرديم» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «بولۇپ ئېردى» دەپ ئېلىندى.

بولۇپ چىكمەسۈن دەھردىن ئىتىراز.
فىراقىڭدا ئەگەر باردى ئول ھەمدەمىم،
مەنىڭ ھەم قالىپ ئېردى ئۆشبۇ دەمىم.
مۇنە شەھرۇ مۈلكۈ ۋىلايەت سەنىڭ،
بارى تۈركۈ تاجىك رىئايەت سەنىڭ.
تۈزۈك تەرھ ئىلە ئەدل بۇنياد قىل،
ئەدالەت بىلە مۈلك ئاباد قىل.
فەقىرۇ غەرىبۇ يېگىتۇ قارى،
سەنىڭ خەيرىڭ ئىلە قۇۋانسۇن بارى.
بۇ تەۋر ئېل دۇئاسى كە ھەمراھ ئولۇر،
نې قىلساڭ ئىشىڭ بارى دىلخاھ ئولۇر.
ئۇلۇس ياخشى خۇلقۇڭدىن ئولسۇن خۇشان،
نېكىم فىتنەدىن مۈلكۈڭ ئولسۇن ئامان.
ئۇلۇس كۆڭلى كىم شاھدىن جەمئ ئېرۇر،
نې مەقسۇدىكىم بولسە تەگرى بەرۇر.
دىل ئازارلىغ پېيشەسى شۇمدۇر،
نې بولغاي دىل ئازار مەئلۇمدۇر①.
بولۇپ رەھم دىل خەلق ئىچىن شاد قىل،
دۇئادا بىرەر بىزنى ھەم ياد قىل.
بۇ ياڭلىغ ۋەسىيەتلەر ئۆستىدە ھەرف
سۈرۈپ، قىلدى جانىنى جانانغە سەرف.
مەلىكزادە ئەيلەپ ياقاسىنى چاك،
بولۇپ بارچە بۇ غۇسسەدىن دەردناك.
چەكىپ دەردلىغ ئۈن، ئەزا تۇتتىلار،
ئەزا ئىچرە خۇنابى غەم يۇتتىلار.

① بۇ بېيىتتا ۋەزن ئېتىبارى بىلەن بىردىن بوغۇم كەملىك قىلىدۇ. كۆچۈرۈل-
گەندە سەۋەنلىك كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

مەقامىدكە ھەمخانەسى مەنزىلى
بولۇپ ئېردى جانانەسى مەنزىلى.
ھەم ئول شاھى ئالەمنى يەتكۈردىلەر،
ئاڭا يارى ھەمدەمنى يەتكۈردىلەر.
قويۇپ مەنزىلىغە يانىپ خاسۇ ئام،
بولۇپ خەتم، ئۇلۇسقە چېكىلىپ تەئام،
قاراسىنى شەھزادەنىڭ سالدىلار،
ئەزا خىلئەتىن ئېگنىدىن ئالدىلار.

**فېرۇز شاھ تەختدە ئولتۇرۇپ، ئەدل بۇنياد قىلغانى يۈز ئەللىك يىل پادىشاھلىق سۈرگەنى**

چۇ شەھزادە سالدى ئەزا خىلئەتىن،
ئاڭا قويدى گەردۇن جەھان نەۋبەتىن.
ئەكابىر يىغىلىپ تەۋازۇئ بىلەن،
كەلىپ بېكلەر ئەھلى تەۋابىئ بىلەن:
قويۇپ تەخت، كەيدۈردىلەر تاجى زەر،
تاپۇغىندا ئېل باغلادىلار كەمەر.
ئانىڭ ئاتىدا خۇتبەنى تۈزدىلەر،
ئانىڭ ئاتىدا سىككە كۆرگۈزدىلەر.
ئانىڭ دەۋلەتى نەۋبەتىن چالدىلار،
ئۇلۇس ئىختىيارىن ئاڭا سالدىلار.
ئۇلۇسنى بىلىپ تەخت ئۈزە ئولتۇرۇپ،
ئاتا ئورنىدا پادشاھلىغ سۈرۈپ.
ئۇلۇس ئۈزرە سۇلتانلىغ ئايىنىنى،
ئانىڭدېك تۈزۈپ قويدى تەئيىنىنى.
كىم ئاندىن ئۆتكۈن قىلمادى ھېچكىم،
ھەم ئاندىن ئۆتكۈن بىلمەدى ھېچكىم.

ئەدالەت بىلە تۈزدى ئانداغ ئۆزىن،
ئىكى قىلمادى بىر ئايتقان سۆزىن.
يەتىمۇ فەقىرۇ غەرىبۇ ئەسىر،
تۈلۈ بىيۆە خاھى يىگىت، خاھى پىير
غەنى بولدىلار خەيرۇ ئىھسانىدىن
تەمەئ قىلمادىلار كىشى خانىدىن.
ئۈلۈس بولدى خۇشھال ئانىڭ تەۋرىدىن،
كىشى كۆرمەدى زور ئانىڭ جەۋرىدىن.
ئۈلۈس ئىچرە پەيۋەستە غەۋغا ئىدى،
تويۇ ئاشۇ ئەيشۇ تەماشا ئىدى.
يۈز ئەللىك يىل ئانداغ فەلەك گەردىشىن
كۆرۈپ دەۋلەتۇ ئىشرەت ئاسايىشىن،
گۈلىستانى ۋەسل ئىچرە شاد ئىردىلەر،
فەراغەت ئۈزە خۇد مۇراد ئىردىلەر.
خىيال ئەيلەمەس ئىردىلەركىم فەلەك
قىلۇر ئىشرەت ئەييامىنى ئۆزگەرەك.
يەتىپ گۈلشەنى ئىشرەت ئىچرە قۇيۇن،
ئۇچۇرماققە گۈللارنى باشلار ئويۇن.
خەزان بۇرجىغە يۈز كەتۈرۈر بەھار،
قويار شاخى گۈللارنى بى بەرگۇ بار.
قىلۇر تىيرە تۈن ۋەسل ئەييامىنى،
ياپار يۈزىگە ھىجر ئەجەل دامىنى.

**پەرىزاد فىرۇز شاھ بىلە گۈلىستانىدا ياتىپ، سەھەر ئويغانىپ، چەمەندىن نالە ئەشىتىپ زەدرە دەرىيدە بولۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنى**

رىۋايەت قىلۇر بۇ سىفەت پۇر دۇن،

كى كۆركىم نەچۈك كۆرسەتۇر دەھر ئويۇن.
خەزان پەسلىيۇ بەرگى رىزان چاغى،
ساۋۇق يېل بىلە سەرۋ لەرزان چاغى.
كى شاھى سەرەفراز ئىلە گۈلئۈزار،
چەمەن سەھنىدە بادەئى خۇشگەۋار
چېكىپ بىر-بىرى بىرلە ھەمخاب ئېدى،
تاڭ ئاتقۇنچە ئول كېچە مەھتاب ئېدى.
كى ۋەقتى سەھەر ئېردى دېي سالقىنى
ئېسىپ داردى ماھنى چالغىنى.
كۆزدىن سەسكەنىپ ئاچسە گۈلزاردىن،
كېلۇر نالەئى زار ھەر ساردىن.
نې شاخۇ نې بەرگۇ نې سەھنى چەمەن،
قىلۇر نالەئى زار كى ئەي سىيمتەن.
خەزان يەتسە بىزگە سەن ئېردىڭ بەھار،
سەنىڭ بىرلە ئېردۈك گۈلۈ گۈلئۈزار.
سەنىڭ خۇشلۇغۇڭ بىرلە فېرۇز شاھ،
قىلۇر ئېردى بۇ سەھننى جىلۋە گاھ.
سەنىڭ بىرلە ئالەم گۈلىستان ئېدى،
سەنىڭ بىرلە فېرۇز سۇلتان ئېدى.
فىراقىڭ ئانى مۇبتەلا قىلغۇسى،
غەرىبۇ ئەسىرۇ گەدا قىلغۇسى.
دەرىغا كى بۇ ئالەم بى ۋەفا،
قىلۇر خەستە جانلارغە ئاخىر جەفا.
ئېشىتكەچ بۇ نالىشنى نازۇك سەنەم،
تۈشۈپ جانىغە ۋەھم ئۆزە دەردۇ غەم.
ئانىڭدېك تۈتۈپ شەھنى فەرياد ئەتىپ،
يىغلادى سولۇپ مەگزى، ئۆزدىن كەتىپ.

خەبەردار ئولۇپ شاھ ئانىڭ ھالىدىن،
ۋەلى بىلمەي ئول نالىش ئەھۋالىدىن.
نې تۈرلۈك ئىلاجى كە دېرلەر بارىن،
قىلىپ كۆرمەدى سىھھەتى دىلبەرىن.
تەسەددۇق قىلىپ مۈلكەتۇ مالىنى،
تاپائالمادى سىھھەتى ھالىنى.
ئۇشۇل بىخۇد ئولغان بىلە گۈلئۈزار،
جەھان گۈلىستانىدىن ئەتتى كەنار.
ئۇشۇل ۋەھىم ئىلە زەھرەسى يارىلىپ،
قالىپ ئېردى تەن رۇھىدىن ئايرىلىپ.
قاراردى كۆزىگە جەھان شاھىنىڭ،
فەنا دۇدى ياپتى يۈزىن ماھىنىڭ.
فىراق ئوتى ياندى ھەزىن جانىغە،
خەزان يەتتى سەرۋى گۈلىستانىغە.
ياقاسىيۇ كۆكسىن قىلىپ چاك-چاك،
دەرىن① ئېردىكىم قىلغاي ئۆزىن ھەلاك.
ئۇرۇپ ئۆزىنى يەرگە فەرياد ئېتىپ،
ئۇنۇت بولغان ئوتلارنى بۇنياد ئېتىپ.
تاپا ئالمادى ھىچ دەرمانىنى،
نە قىلسە بولۇر تەگرى فەرمانىنى.
خەزان يامغۇرىدېك تۆكۈپ ياشىنى،
بۇلۇتدېك قارا قىلدى بوي-باشىنى.
يۈز ئەللىك يىل ئېچرە خۇدا بەرگەنى،
بۇلارغە بىر ئوغۇل بار ئېردى، ئانى
مەلىك تاجى بەخت ئەسراي ئېلتىپ ئېدى،
قىزىم ئورنىدا بولغاي ئول، دېپ ئېدى.

---

① «دەرىن» پارسچە «دراين — بۇ يەردە» سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىشى.

قويۇپ ئېردى ئاتىنى فەررۇخ سەۋار،
يىگىرمە ياشاپ ئېردى ئول شەھرىيار.
ۋەلى بۇ زەمانىدا ھازىر ئېمەس،
فىراق ئىچرە كۆيگۈچى شەھدۇرۇ بەس.
يەنە قىز يوق ئېردى ۋە يانە ئوغۇل،
كە بۇ غەمدە قىلغاي پەرىشان كۆڭۈل.
ئانىڭ بىرلە با ھەم بولۇپ يىغلاغاي،
بىرى بىرگە ھەمدەم بولۇپ يىغلاغاي.

**پەرىزادنىڭ جىنازەسىن پەرىلەر ئاسماندىن ئاتىنىپ كەلىپ ئالىپ ئۇچقانى ۋە فىرۇز شاھ ئانىڭ فىراقىدا نالە قىلىپ يىغلاغانى ۋە پادىشاھلىغ تەركىن قىلىپ، گەدالىغنى ئىختىيار قىلغانى**

چۇ پاك ئېردى، سەندۇق ئارا پاك ئەتىپ،
سالىپ سەندۇق ئاغزىن تۇتۇپ بەركىتىپ.
تۇرۇپ ئېردىلەر چەرخنىڭ تاقىدىن،
فەلەك سەفھەسىدىن كۆك ئەۋراقىدىن.
سىيە پۇش جەمئى تۇشۇپ كېلدىلەر،
ياقا يىرتىشىبان فىغان قىلدىلار.
مەلەك ئېردىلەر يا ئۇلار ھۇر ئېدى،
كىشى كۆرسە جاندىن ئىلىك يۇر ئېدى.
بۇلار بارچە ھەيرەتدە ھەيران باقىپ،
تۇرۇپ ئېردىلەر زارۇ گىريان باقىپ.
بىلە ئالماي ئول جەمئى نې خەيل دۇر،
كە كۆز ياشلارى ئۇيلە كىم سەيل دۇر.
ئالىپ چىقتىلار كۆككە پەرۋاز ئۇرۇپ،
باقىپ قالدىلار كۆزلەرى تەلمۇرۇپ.
فىغان بىرلە شەھ يىغلادى زار-زار،

كىم ئۆز خەيلىغە ئاقىبەت باردى يار.
نې تەقسىر كەچتى كە بۇ دىلرەبا،
مۇنىڭدېك ۋەفاسىزلىغ ئەتتى ماڭا.
بىلە ئالمادىم، ئۆزرىنى قولمادىم،
خەبەردار بۇ ھالىدىن بولمادىم①،
گەدالىق تەرىقى بىلە دەر بەدەر،
يۈرۈپ ئىستەسەم ئانى شامۇ سەھەر،
تاپىلغايمۇ نامۇ نىشانى ماڭا،
دەي ئالغايمۇمەن ئۆزرۇ تەقسىر ئاڭا.
دېدىيۇ گەدالىققە قويدى كۆڭۈل،
غەمۇ بىنەۋالىققە قويدى كۆڭۈل.
ئەزا خانەدە چىللەئى ئولتۇرۇپ.
چىقىپ كەزگەي ئۆزگە جەھاننى يۈرۈپ.
بۇ ياڭلىغ خىيال ئەيلەپ ئول شەھرىيار،
بولۇپ فۇرقەت ئەندۇھى بىرلە فىگار.
ئۆتۈپ تەختىدىن، تاشلادى تاجى زەر،
تاقىپ غەم قۇرىدىن بەلىگە كەمەر.
كىيىپ ئېگنىگە بىر قارا ئەسكى شال.
نىھالىن فىراق ئەيلەپ ئانداق كە نال.
قىلىپ گوشەنى بەيتۇلئەھزان ۋەتەن،
فىراق ئوتى بىرلە بولۇپ شۇئلەزەن.
كۆيۈپ، ئۆرتەنىپ زارۇ گىريان ئېدى،
ئىشى ـ كۆچى فەريادۇ ئەفغان ئېدى.
ۋىلايەتدىنۇ ئېل ـ ئۇلۇسدىن غەمى
يوق ئېردى، ئۆزى ئېردىيۇ ماتەمى.
ئۇلۇسدىن خۇشانلىق بولۇپ بەرتەرەف،

---

①بۇ مىسرادا ئىككى بوغۇم كەم، سۆز چۈشۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

بارۇر بولدىلار تارقاشىپ ھەر تەرەف.
قەۋىلەر زەبۇنلارغە بىداد ئەتىپ،
يۇرۇر بولدىلار ئاھۇ فەرياد ئەتىپ.
ۋىلايەت ئىشى قالدى بى زەبت ئولۇپ،
ئۇلۇسنىڭ باشى غەم بىلە ئۆيرۇلۇپ،

**خەلق كېلىپ فىرۇز رايغە پادشاھ نى ئۇچۇن مۇنداق قىلادۇر، خەلق چايقالىپدۇر، خەلق ھالىن پادشاھغە ئەرز قىل دېپ فىرۇز رايىنى ئىبەرگەنلەرى**

چۇ تۇشتى بۇ ھالەت خەلايىق ئارا،
يىغىلىپ ئۇلۇغۇ كىچىك بى نەۋا.
كەلىپ باردى فىرۇز راي ئالىدا،
سالىپ سەئيۇ تەدبىر راي ئالىدا.
دېدىلەر كىم ئەي شاھ غەمخارەسى،
دېمەسسىن بۇ ئىشنىڭ نېدۇر چارەسى.
ئۇلۇس قالدى بى سەر، جەھان چايقالىپ،
تەمام ئېل بۇزۇغلۇققە كۆڭلىن سالىپ،
كىرىپ شاھ ئالىندا ئەرز ئەيلەگىل.
يامان، ياخشى ھەر ساردىن سۆزلەگىل.
كىم ئادەم ئاتا چاغىدىن تا بۇ دەم،
كەم ئولغان ئېمەس ئادەمىدىن بۇ غەم.
تۇغۇپدۇر بارى ئادەم ئۆلمەك ئۇچۇن،
ئۆلۈم زاھىر ئولغان ئېمەسدۇر بۇ كۈن.
ئۆلۈم باردۇرۇر تا جەھان باردۇرۇر.
فىراقۇ بۇ ئاھۇ فىغان باردۇرۇر.

### فىرۇز شاھقا فىرۇز راي بارىپ، خەلقنىڭ مەسلەھەتىدىن ئايتىپ، نەسىھەت قىلغانى، ھېچ بولماسە پادىشاھلىق ساڭا كەرەكمەس بولسە، ئوغلۇڭ فەررۇخ سەۋارغە بىر نازەنىن پەرى بارىپ، شاھ تاجى بەخت بىلە ماھىروغە كۆڭۈل ئايتىپ، ئوغلۇڭنى ئالىپ كەلسۇن ھەم پەرىنىڭ تەرتىبىن بىلىپ كەلسۇن دېگەنى

قوپۇپ بارسە شاھ ئالىغە نىيكخاھ،
غەمىن ئولتۇرۇپدۇر چەكىپ دەردۇ ئاھ.
كىرىپ تۇردى چۇن كۆردى شاھى جەھان،
دېدى: ئولتۇر، ئەي مەھرەمى مىھرىبان.
دېگىلكىم پۇتەرمۇ يۇرەك يارەسى،
بولۇرمۇ فىراق ئوتىنىڭ چارەسى.
فىراق ئوتى بىرلە تۇتاشتىم تەمام،
بۇ غەم بىرلە تولدۇمۇ تاشتىم تەمام.
دېدى ئاڭا فىرۇز كە ئەي شەھرىيار،
بىنايى جەھان تا تاپىپدۇر قەرار.
بۇ دەردۇ فىراقۇ بۇ ئەندۇھۇ غەم،
بۇ سوزۇ گۇدازۇ بۇ ئوتۇ ئەلەم
جەھان ئەھلىدىن خالى بولغان ئېمەس،
سەنىڭ جانىڭا ھالى بولغان ئېمەس.
ئاتالار، ئانالار قايان باردىلار،
بىرى بىرگە ئەيلەپ فىغان باردىلار.
بارىسىغە داغى بارۇر يول بۇدۇر،
بارى ئالەم ئەھلىغە يول ئۇشبۇدۇر.
تەھەممۇل كەرەك تەڭرى فەرمانىغە،
رىزا بەرمەك ئانىڭ بۇيۇرغانىغە.
خۇدا بەندەئىنى قىلۇر پادىشاھ،
كە بولغاي خەلايىققە پۇشتۇ پەناھ.

قەۋىلەر زەبۇنلارغا كۈچ قىلماغاي،
كۆڭۈللەرنى بىر - بىرگە ئۆچ قىلماغاي.
خەلايىق ئىچىندە نىفاق ئولماغاي،
بىرى بىرىدىن ئېل يىراق ئولماغاي.
ساڭا تۈشكەلى بۇ فىراقۇ بۇ غەم،
تېگىپدۇر ئۇلۇسقە بەغايەت ئەلەم.
قويۇپدۇر بۇزۇغلۇققە يۈز بارچە ئېل،
تاڭىپدۇر فەراكەندە بولماققە بېل.
زەبۇنلارغە كۈچلۈكلەرى زور ئەتىپ،
يۈرۈرلەر ئەشىكدىن ئەشىككە يەتىپ.
سورۇپ ئۇزرىغە كىمسە يەتمەيدۇرۇر،
كىشى كىشى سۆزىن ئەشىتمەيدۇرۇر.
قىيامەتتە سەندىن سورارلار مۇنى،
سەنەد قىلماغىل بۇ غەمۇ قايغۇنى.
قالىپ بى سەر ئېل كۆرمەسۇن زۇلمۇ زور،
فەلەك سالماسۇن ناگەھ ئاشۇبۇ شور.
چىقىپ دەۋلەتۇ تەختىڭ ئۈستىدە بول،
ھەمۇل تەخت ئىلە بەختىڭ ئۈستىدە بول.
ئاتاڭدىن ئاتاڭغە يەتىپ تا بۇدەم،
تېگىپ ساڭا بۇ دەۋلەتۇ مۇلكى جەم،
قالىپ ئېردى، گەر تەرك ئېتەر ھەم ئېسەڭ،
ماڭا شەھلىق ئېمدى كەرەكمەس دېسەڭ،
مەلىكزادە فەررۇخ سەۋارىڭغە بەر،
يەتىلدى ئېكىن ئېمدى ئول داغى ئېر.
پەرىزاد قىزلار بىلەن ئول① نازەنىن،
ئاچىپ جەددى جەھد ئۈزرە بالۇ پەرىن.

① يازما نۇسخىدا بۇ سۆز چۈشۈپ قالغان. ۋەزن ئېتىبارى بىلەن «ئول» سۆزى قوشۇپ قويۇلدى.

رەۋان شەھرى زەررىنغە يەتسۇن بارىپ،
بۇ ۋاقىئەنى ئاندا ئايتسۇن بارىپ.
مەلىك زادە فەررۇخنى ئالىپ كەلىپ،
ئۆز ئورنۇڭدا سېن ئانى سۇلتان قىلىپ.
نې ئىشكە ۋۇجۇد ئەتسەڭ ئەي شەھرىيار،
ساڭا ئاندادۇر نەچۇك ئىختىيار.
يوق ئېرسە ئۇلۇسنى بۇ ياڭلىغ خەراب
قويۇپ، ئۆزگە ئىش قىلماق ئېرمەس سەۋاب.
ئۇلارغە ئەگەرچە ئەياندۇر بۇ ئىش،
ۋە لېكىن كەرەكدۇر بۇ ياندىن بارىش.
پەرىزادنىڭ ھەم بىلىپ ھالەتىن،
كېلۇر قايدادۇر ھەم كۆرۇپ تەرتىبىن.
پەرىلەر ئېدىكىم ئالىپ كەتتىلەر،
ئالىپ بارىپ ئول يەردە دەفن ئەتتىلەر.

**فېرۇز شاھغە فېرۇز راينىڭ مەسلەھەتى خۇش كەلىپ، نازەنىنغە پەرى قىزلارىنى قوشۇپ يىبەرگەنى**

بۇ سۆزلەر كەلىپ شەھغە بىسيار خۇش،
دېدى: كېلسۇن ئول نازەنىنى ماھ ۋەش.
كەلىپ نازەنىن شەھ ئاياغىغە زار
تۈشۈپ، يۈزۈ كۆكسىنى ئەيلەپ فىگار.
قىلىپ شەھ يەنە پارە - پارە ئۆزىن،
فىغان ئەيلەدى يەرگە سۈرتۈپ يۈزىن.
كە تاش ئولسە ئولدەم يارىلغاي ئېدى،
ئۇلار ھالىغە نالە قىلغاي ئېدى.
دېدى شەھكىم، ئەي نازەنىن گۇلئۇزار،
ئانىڭدېك فىراق ئوتىدا بى قەرار

بولۇپمەن، نې تەختۇ نې تاجۇ كەمەر،
نە شەھرۇ نە خەلقۇ نە سىيمۇ نە زەر،
باردىن كەچىپ مەن جەھاندىن ئۆتۇپ،
غەمدە گەدالىغ تەرىقىن تۇتۇپ.
ئانىڭ بىرلە ئېردى مەنىڭ شەھلىغىم،
نەتەي بولمادى ئاڭا ھەمرەھلىغىم.
بارىپ ئېمدى شەھ تاجى بەخت ئالىدا،
ھەم ئول ماھىرو نىيك بەخت ئالىدا.
بۇ ۋاقىئىنى ھەم بەندەنىڭ ھالىنى،
پەرىلەر ئالىپ ئۇچقان ئەھۋالىنى،
قىلىپ ئەرز، مەئلۇم ئەتىپ كېل ماڭا
بۇلارنى بىلىبان يەتىپ كېل ماڭا.
ئەگەر گۇلئۇزاردىنى ئەتىپ ئۇلار،
مەقامىنى ئۆز شەھرىدە قىلسەلەر،
يەتىپ مەنزىلىگە سەلامىم يەتكۈر،
دېگىل يارلىغ رەسمى مۇنداغمۇدۇر،
كە مۇنداغ مەنى زارۇ ئەفگار ئەتىپ،
فىراق ئوتى بىرلە گىرىفتار ئەتىپ.
ۋەفاسىزلار ئايىنىنى تۇتقاسىن،
فىراقىڭ بەلاسىدا قان يۇتقاسىن.
ئەگەر بولسە مەقدۇرۇڭ، ئەي جان دېگىل،
مەنى ھەم ئۆزۈڭ بىرلە دەمساز قىل.
فىراق ئىلكىدە مۇبتەلا قويماغىل،
بۇ ياڭلىغ ئەسىرۇ گەدا قويماغىل.
سەنى بىر زەمان كۆرمەسەم ئېردى ئاھ،
بولۇر ئېردى ئالەم كۆزۈمگە سىياھ.
دېر ئېردىم جۇدا بولسام ئۆلگۈمدۇرۇر،

ئۇرۇپ تىيغ، باغرىمنى بۆلگۈمدۇرۇر.
نەچە كۈندۇرۇر سەندىن ئايرىلغالى،
فىراق ئوتى جانىمغە ياقىلغالى.
ئەگەرچە فىراقىڭدا بولدۇم كەباب،
ئۆلەيدىپ ئۆلە ئالمادىم ھىچ باب.
كىشى دەردۇ غەم بىرلە ئۆلمەس ئىمىش،
بەلاۋۇ ئەلەم بىرلە ئۆلمەس ئىمىش.
بۇ ياڭلىغ بارى ھالەتىن ئەرز ئەتىپ،
بەلاۋۇ غەمۇ مىھنەتىن ئەرز ئەتىپ.
رەۋان ئەيلەدى شوخنى شەھرىيار،
پەرى قىزلارىدىن قوشۇپ ھەرنە بار.
مەلىكزادە فەررۇخنى فىرۇز راي
دېدى: ئەي ئاياغىڭغە دىيدەمدە جاي،
ئالىپ كېلگىل ئەلبەتتە، بۇ شەھرىيار
ئۆتۈپدۇر تۇتۇپ مەملەكەتدىن كەنار.
ئۇلۇس ئۈزرە بولسۇن كەلىپ شاھ ئول،
ئېرۇر شاھغە داغى دىلخاھ ئول.

**نازەنىن شەھرى زەررىنغە يەتىپ، شاھتاجى بەخت بىلە ماھرويغە**
**كۆڭۈل ئايتقانى ۋە نازەنىننى كۆرۈپ شاھ ۋە ماھروى**
**فەررۇخ سەۋار ياڭى باشدىن ئەزاتۇتقانى**

رەۋان بولدى چۇن نازەنىن ئول پەرى،
ئاچىلدى ھەۋا ئۈزرە بالۇ پەرى.
يۈرۈپ شەھرى زەررىنغە يەتسە رەۋان،
ئېرۇر بارچە شەھر ئەھلى پىيرۇ جەۋان
سىيە پۇش باشدىن ئاياققەچە پاك،
دىل ئەفگار، ئاشۇفتەۋۇ سىينە چاك.

بىراۋدىن سوئال ئەتتى: ئەي نىيك مەرد،
بۇ ياڭلىغ نېدىندۇر بۇ ئەھۋالۇ دەرد.
دېدى: بولدى بىر ھەفتەكىم ناز بوي
جەھان ئەھلىدىن باغلامىش گۇفتۇ گوي.
ئالىپ كېلتۈرۈبان ياراغ ئېتتىلەر،
ئىرەم گۈلشەنىگە ئالىپ كەتتىلەر.
كىم ئول گۈلشەن ئېردى ئانىڭ مەنزىلى،
ھەياتىندا ئېردى ئانىڭ مايىلى.
قويۇپ ئاندا ئېلتىپ بولۇپ دىلفىگار،
بۈگۈن كەلمىش ئاندىن يانىپ شەھرىيار.
بارى ئېلگە ماتەم بۇ غەمدىندۇرۇر،
سىيە پۇش ئۇلۇس بۇ ئەلەمدىندۇرۇر.
مۇنى قىلدى مەئلۇم كىم ئول بەرى،
كەلىپ مۇندا بولمىش مەقام ئول يەرى.
كەلىپ نازەنىن ماھىروي ئالدا،
تۈشۈپ يەرگە ئانداغكە كوي ئالدا،
يۈزىنى سۈرۈپ يەرگە فەرياد ئەتىپ،
كۆرۈپ ماھىروي ئانى ئۆزدىن كەتىپ.
كېلىپ شاھ كۆكسىن قىلىپ چاك - چاك،
بولۇپ ئالەم ئول غۇسسەدىن دەردناك.
ئۇرۇپ تاجنى يەرگە فەررۇخ سەۋار،
كە قانى ئانام ناز بويى گۈلئۇزار.
بۇ غەمدىن بارى خەلق نالان بولۇپ،
ئۇلۇغۇ كىچىك بارچە گىريان بولۇپ.
يەنە ياڭى باشدىن ئەزا تۇتتىلار،
ئەزا غۇسسەسى بىرلە قان يۇتتىلار.

**نازەنىن تاجى بەخت ئالىدا فىرۇز شاھنىڭ ئەرز ھالىن ئايتىپ فەررۇخ سەۋارنى خەلق تىلەگەنىن ھەم ئەرز**

## قىلىپ، شاھ تاجى بەختكە مەقۇل كەلىپ قەبۇل قىلغانى

چۇ خەتىم ئولدىيۇ ئېل دۇئا قىلدىلار،
بەردىپ خەتىم ئاشىنى ئەدا قىلدىلار.
قويۇپ نازەنىن، شاھ فىرۇز شاھ،
غەمۇ ھالەتىن تارتىبان ئوتلۇغ ئاھ،
ئۆتۈپ تەختدىن تاجىنى سالغانىن،
گەدا قورچىنىن باشغە چالغانىن،
كىيىپ ئېگنىگە بىر قارا ئەسكى شال،
تاقى قىلغانىن دەربەدەرلىك خىيال.
1205 ئۇلۇس چايقالىپ جەمئىيەت بەر تەرەف
بولۇبان بارادۇرغانىن ھەر تەرەف.
تېگىپ كۆچسىز ئېلگە قەۋىلەر كۆچى،
ئەشكىدىن ئەشكىكە يەتىپ سورغۇچى
تاپا ئالمايىن زار بولغانلارىن،
ئۇلۇس زارۇ ئەفگار بولغانلارىن،
كۆرۈپ مەسلەھەت شاھ، بۇ كېلگەنىن،
مەلىكزادەنى ئېل تەلەب قىلغانىن،
چۇ ئەرز ئەتتى ئېرسە، دېدى راستدۇر،
نې چارە، نېكىم تەگرىگە خاستدۇر.
1210 دېپ ئېردىم قىزىم ئورنىدا بولغاي ئول،
قۇۋانغان ئانىڭ بىرلە جانۇ كۆڭۈل.
ئانى كۆرسەم ئالىمدا دېپ ناز بوي،
قىلۇر ئېردىم ئانىڭ بىرلە گۇفتۇگوي.
ئول ئېردى ماڭا جانۇ دىل مۇنىسى،
كېلۇر ئېردى ئاندىن قىزىمنىڭ ئىسى،
مۇنى دېپ ئانى گەر يىبەرمەي دېسەم،
ئۆزۈمنىڭ بۇ ھالى ئۈچۈن غەم يېسەم.

ئاۋا تاكە ئادەم دەمىدىن بۇ دەم
تىگە كىلگەن ئول مۇلكۇ خەيلۇ ھەشەم.
پەراكەندەلىككە يۈز ئۆيرۈپ تەمام،
يەنە بىر چىقىپ كۆرسەتىپ ئىھتىمام.
ئىبلۇ مۇلك ئىلىكدىن چىقىپ بىر يولى،
قۇرۇق قالىماغاي بۇ مەلىكلەر قولى.
ئالىپ بار مەلىكزادە فەررۇخنى پات،
خۇدا قايدا كىم بولسە تۇتسۇن ھەيات.

**فەرۇخ سەۋارغە رۇخسەت بولۇپ، شەھرى سەمەنغە كەلىپ، فىرۇز شاھ پادىشاھلىغىن بەرگەنى**

چۇ رۇخسەت بەرىپ شەھ ياراغىن قىلىپ،
ئىجازەتلەشىپ، يىغلاشىپ ئايرىلىپ.
رەۋان بولدىلار ئازەنىنۇ مەلىك،
ھەۋا ئۆزرە ئالىپ ئىلىكدىن ئىلىك.
رەۋان شەھرى سەمەنغە يەتكۈردىلەر،
چۇ شەھر ئەھلى شەھزادەنى كۆردىلەر.
سۆيۈندىلەر ئانداغكە جانسىز بەدەن
تاپار جان، نەچۇككىم بەھارىن چەمەن.
كۆرۈپ ئوغلىنى يىغلادى شەھرىيار،
كىم ئەي غۇنچەئى نەۋرەس يادكار.
ۋۇجۇدۇڭ گۇلىنىڭ بەھارى قانى،
بۇ مىسكىن ئاتاڭ غەمگۇسارى قانى.
قانى لەززەتى بادەئى ئىشرەتىم،
قانى بائىسى ① جامى جەمئىيەتىم.

---

① بۇسۆز يازما نۇسخىدا «بائىسۇ جامى جەمئىيەتىم» دەپ يېزىلغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «بائىسى» دەپ ئېلىندى.

بۇ ھىجر ئوتىدىن ئۆيلە ھالەتتە مەن،
جەھان خۇشلۇغىدىن مەلالەتتە مەن.
مۇنە تەختۇ تاجۇ ۋىلايەت سەنىڭ،
بارى خەلقۇ شەھرۇ رىئايەت سەنىڭ.
نە قىلساڭ، سەنىڭ ئىختىيارىڭ بىلۇر،
يامان، ياخشى سەنىڭ شىئارىڭ بىلۇر.
مۇنە پادىشاھلىغنى بەردىم ساڭا،
مۇئەتتەل باقىپ تۇرۇپ ئېردىم ساڭا.
بەرىپ تەختۇ تاجىن، سۇلتانلىغىن،
ئۆزگە رەۋا كۆردى ۋەيرانلىغىن.
كېيىپ تاجۇ تەخت ئۈزرە فەررۇخ سەۋار،
چىقىپ ئولتۇرۇپ، خەلق تاپتى قەرار.

**فېرۇز شاھ فەررۇخ سەۋارنى تەختقە ئولتۇرغۇزۇپ، پادىشاھلىغ تەۋر ۋە تەرىقەسىن تەئلىم بەرىپ ئاۋغە ئالىپ ئاتلانغانى ۋە ئوشال كەيىك كىم ئولگۈلىستانى ئىرەمغە رەھبەر بولۇپ ئېردى يەنە ئۇچراغانى**

چۇ شاھ ئوغلىنى قىلدى مەسنەد نىشىن،
بىلە ئولتۇرۇپ ئول شەھى مۇلكۇ دىن.
بارى بېكلەرى چەرگەسىن كۆرسەتىپ.
بارى رەسمۇ ئايىنلارىن ئۆرگەتىپ.
بەرۇر ئېردى ھەر لەھزە تەئلىم شاھ،
نېكىم شاھلىغدا ئېرۇر رەسمۇ راھ.
دېدى بىر كۈن، ئاۋغە قىلىڭ ئېدى جار،
كە چىقسۇن يىغىلىپ سىغارۇ كىبار.
چەرىكنىڭ تۈزۈكىنى ئاۋ بىلدۈرۈر،
تۈزۈكۈ بۇزۇغىنى ئاۋ بىلدۈرۈر.

ئانىڭ ئۇچۇن ئاۋنى قىلۇر شاھلار،
كە بولغاي چەرىك ھالىدىن باخەبەر.
تاپىپ جار بارچە سىغارۇ كىبار،
چىقىپ ئاتلانىپ شاھى فەررۇخ سەۋار.
يىغىلىپ ئېل ئۇل مەنزىلگە تەمام،
قىلىپ ئۆزى فىرۇز شاھ ئىھتىمام.
ئۆتتۇ① باشلاتىپ ھەر سارى بېكلەرنى،
سوڭىچە يەنە چەرگەلىكدېكلەرنى
يىبەردىبۇ تۇتتۇردى توفقال كىم،
ئارادىن كېيىكنى بەھەرھال كىم
چىقارسە، گۇنەھكار بىلسۇن ئۆزىن،
ئۇلار جەزم زىنھار بىلسۇن ئۆزىن.
بۇ ياڭلىغ قىلىپ ھۆكم، ئالىشىپ ئۆتتۇ،
ھەر ئىكى تەرەفدىن كەلىپ رۇبەرۇ.
ئارادا قالىپ يۈز تۈمەن جانىۋەر،
سۇرۇلۇپ تۇرۇپ ئېردىلەركىم مەگەر
بىرى ئايرىلىپ كەلىپ ئاندىن رەۋان
ئۆتتۈرگە شەھ ئالدىن ئۇلدى رەۋان.

**فىرۇز شاھ ئۇل كېيىكنى تانىپ، يەنە سوڭىچە بارىپ گۈلىستانى ئىرەمغە يەتىپ كۆشكىنى قارا ھۆللە بىلە ياپىغلىق كۆرۈپ، زىينەپايەسىن ھەم قوپارىغلىق كۆرۈپ ھەيران بولغانى**

تانىپ شاھ ئانى دېدى، ئەي جانىۋەر،
سېنى ئېردىڭمۇ مەقسۇدۇمە راھبەر.
سېنى ئېلتىپ مەنى گۈلئۈزارىم بىلە،

① بۇ سۆز بۇ يەردىن باشقا 293-، 1242 - بېيىتلاردىمۇ ئۇچرايدۇ، مەنىسى ھازىرچە مەلۇم بولمىدى.

قىلىپ ئېردىڭ ئاسۇدە يارىم بىلە.
سېنى ئېلىتىپ مەنى گۇلىستانى ئىرەم،
بولۇپ ئېردى گۇلچېھرە يارىم بە ھەم.
سەنىڭ پەيرەۋىڭ بىرلە بەھبۇدۇمە،
سەنىڭ مەقدەمىڭ بىرلە مەقسۇدۇمە
يەتىپ ئېردىم، ئېمدى داغى جان بىلە
ئىزىڭچە باراي چەشمى گىريان بىلە.
دېبان ئول كېيىككە يول ئاچىپ بەرىپ،
رەۋان بولدى ئانىڭ سوڭىغە كىرىپ.
مەلىكزادەۋۇ ئېل بولۇپ ئاۋغە گەرم
كېيىك ئاتماق ئۇزرە تەكۇ دەۋغە گەرم،
ئېمەس ئېردىلەر ۋاقىف ئاندىن كە شاھ،
كېيىكنىڭ سوڭىغە كىرىپ تۇتتى راھ.
كېيىك باشلاپ ئانداق ئالىپ كېلدى راست،
ئىرەم گۇلشەنىگە كىم ئول ئېردى خاست.
كۆرۈپ ئانى ئول دەم قىلىپ ئىزتىراب،
تۈشۈپ خەستە جانىغە يۈز پىچۇ تاب.
قەدەم زىينەپاغە قويۇپ چىقسە شاھ،
كۆزىدىن ئاقىزىپ ياشىن، تارتىپ ئاھ.
مۇئەييەت تۇرۇپدۇر ئوشال گۇلىستان،
بارىسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئەيان.
ئاچىلىپ گۇلۇ لالە ۋۇ سەبزەزار،
تۇرۇپدۇر يەرىدە بارى بەرقەرار.
چەكىپ قەد سەھى سەرۋى رەئنالارى،
ئوشال مەنزىلۇ جايى مەئۋالارى.
ۋەلى ئول جەمائەتكىم ئاندا بىلە
بولۇپ ئېردىلەر ئول چەمەندە بىلە.
بىرىدىن ئېمەس ئېردى پەيدا ئەسەر،

كۆزىدىن ئاقىپ سەيلى خۇنى جىگەر،
رەۋاق ئالىغە بارسا باشىدىن ئاياق،
قارا ھۇللە بىرلە ياپىغلىق رەۋاق.
چىقار زىينەپايەسىنى بەركىتىپ،
قوپارغان تامى بىرلە ھەمۋار ئەتىپ.
قويۇپدۇرلارۇ ھىچ جاندىن ئەسەر
كۆرۈنمەيدۇرۇر كىم كىشى بىر خەبەر
سوراپ بىلگەي ئاندىن كە مەھ پارەسى
مەزارىغە كىرمەكىنىڭ چارەسى
نېچۈكتۇرۇ قايدىن كىرىپ زار-زار
مەزارىن قۇچۇپ يىغلاغاي شەھرىيار.

فېرۇز شاھ گۇلىستانى ئىرەمنى كەزىپ كۆرۈپ، پەرىزاد بىلە يۈرگەن، ئولتۇرغان، قوپقان جايۇ مەنزىللەرنى كۆرۈپ، ياقىلارىن چاك قىلىپ باشىغە توفراقلارنى ساچىپ، فەرياد ۋە ئەفغان قىلىپ، گەھى بىخۇد، گەھى ھوشيار بولۇپ، دىۋانەلەردېك كۆشك ئېشىكىگە كەلىپ، مەنى ھەم پەرىزادغە قوش دېپ، نالان بولۇپ مۇناجات قىلغانى، ھەق تائالا ھەم ئانىڭ مۇرادىچە كۆشك پەردەسىن ئاچىپ ئىلىك چىقىپ ھەم فېرۇزە شاھنى ئالىپ بارغانى

پەرىزادلاردىن مۇجاۋىرلارى،
تاپىلغايمۇ دېپ كۆز سالىپ ھەرسارى.
كەزىپ جايۇ مەنزىللەرنى كۆرۈپ،
قىلىپ نالە ھەريەردە بىردەم تۇرۇپ.
نې سەبزۇ گۇلۇ لالەزار ئالىدا،
يۈرۈپ يا تۇرۇپ ئېردى يار ئالىدا.
نې سەبزە ئۈزە ئولتۇرۇپ جامى ۋەسل
چەكىپ ئېردىلەر بەزمى ئەييامى ۋەسل.

نى ئارىغ ياقاسىندا بىر ئولتۇرۇپ،
قوپۇپ ئېردىلەر يا زەمانى تۇرۇپ.
نى مەنزىلدە سەرمەست باھەم ياتىپ،
قوپۇپ ئېردىلەر بىر - بىرىن ئويغاتىپ.
بىرەر - بىرەر ئانى كۆرۈپ ياد ئەتىپ،
ئۆزىنى ئۇرۇپ يەرگە فەرياد ئەتىپ.

يۈرۈگەن يەردە يۈزىنى سۈرۈپ،
بىلە بولغان ئۆزىنى يالغۇز كۆرۈپ.
قىلۇر ئېردى ھەرلەھزە كۆكسىنى چاك،
ئۇرۇپ يەرگە ئۆزىن ساچىپ باشقە خاك.
گەھى نالە ئەيلەپ، گەھى ئاھ ئۇرۇپ،
يالاڭ باش ياقا چاكۇ گىريان يۈرۈپ
گەھى ئۆزدە، گاھى ئۆزىدىن كەتىپ،
تۇرۇپ تەلبەلەر كەبى فەرياد ئەتىپ.

تەھەممۇل قىلا ئالمايىن ھىچ نەۋئ،
ئۆزىنى بىلە ئالمايىن ھىچ نەۋئ.
رەۋاق ئاستانىغە ئاخىر گۇزەر
كەلىپ بولدى نالان كىم، ئەي بىرۇ بار

مەنى بۇ بەلادا رەۋا كۆرمەگىل،
فىراق ئوتىغە مۇبتەلا كۆرمەگىل.
كۆيۈپ قالمادى ھىچ ھالىم مەنىڭ،
يەنە ئۆرتەنۈرگە مەجالىم مەنىڭ.

ھەياتىمدىن ئەسرۇ مەلالەتتە مەن،
تىرىكلىكنى نەيلەي بۇ ھالەتتە مەن.
تىرىكلىكنى ئىستەر كىشى جان ئۈچۈن،
تىلەر جاننى ھەم كىشى جانان ئۈچۈن.
ھەزىن جاننى جانانىدىن ئايرۇ نەتەي،

قۇرۇق جىسمىلى جاندىن ئايرۇ نەتەي.
ئىنايەت قىل ئەي قادىرى پاكەرەم،
كە بىر پەردەدە يار بىرلە بەھەم
بولاي داغى، كۆرمەي جەھان مىھنەتىن،
يامان فۇرقەت ئىچرە غەمۇ ھەسرەتىن.
چۇ مۇنداغ تەزەررۇئدا نالان ئولۇپ،
كۆزۈ كۆڭلى گىريانۇ بىريان بولۇپ.
تەلەب باشىنى يەرگە قويدى ئېسە،
تەزەررۇئ ئوتى بىرلە كۆيدى ئېسە،
ئەجابەت ئېشىكىن ئاچىپ بىرۇ بار،
ئالىپ پەردەنى ئوترۇدىن پەردەدار،
چىقىپ پەردەدىن بىر ئىلىك شاھنى
ئالىپ باردى ئۆزگە ھەمراھنى.
كىشى بىلمەدىكىم قايان باردىلار،
قويۇپ خالى جايۇ مەكان باردىلار.

**دۇنيا رەباتىنىڭ يولىدىن ھەممىشە ئالەم ئەھلى تىنماي ئۆتمەكىدىن ۋە قايان بارۇرلارىن بىلمەسىدىن ۋە ھۇنەرلەرىدىن خەبەردار ئېرمەسىدىن ۋە بۇ تۈگەنمەس ئول تولماسىدىن ھەيرەتتە قالىپ قايىلى ئاجىزنىڭ مۇناجات قىلىپ سۆزلەگەنى**

ئىلاھا نى يولدۇر بۇ كىم، ئادەمى
ئۆتەردىن ئېمەس ھىچ خالى دەمى.
بىنا بولغانى بۇ رەباتى جەھان،
ئۆتەرلەر كەلىپ تىنمايىن كارۋان.
بىرىسى خەبەردار ئېمەسكىم قايان
بارۇرلار، نى يولۇ نى مەنزىل ئەيان.

بىرى بىرىنىڭ سوغىچە دەمبەدەم
ئەزىمەت قىلىپان بولۇرلار ئەدەم.
خەبەردار ئېمەس ھېچ ئۇلاردىن كىشى،
كە نې بولدى ئېركىن ئۇلارنىڭ ئىشى.
تۈمەن مىڭ بارىپ بىرى يانمايدۇرۇر،
بارىپ ئول تولۇپ، بۇ تۈگەنمەيدۇرۇر.

**قايىلى شىكەستە ئۆزىگە نەدامەت قىلغانىكىم ھەردەم ۋە ۋەقت ۋە سائەتىكىم ئول ۋەقت ۋە سائەتى ئۆتمەس، ئۆمرۈڭ ئۆتە- دۇر دېپ ئىزتىرابدا بولغانى**

ئايازا ئەجەب غەفلەت ئېرمەسمۇ بۇ،
كە سېن خاھى بىدارۇ خاھى ئۇيۇ.
سەمەندى ھەياتىڭ ئەزىمەتتەدۇر،
نېكىم ھاسىلى نەقدىڭ ئول ئاتتەدۇر.
بارۇر تىنمايۇ نەچە مەنزىل قالۇر،
ئۆتەرسېنۇ غەفلەتدە ھاسىل قالۇر.
نې ۋەقتۇ نې سائەت كە سەندىن بۆگۈن
ئۆتەر، ئۆمر ئېرۇر ئول، ئېمەستۇر ئۆكۈن.
يوق ئېرسە ئوشال ۋەقتۇ سائەت تۇرۇر
كىم ئاي يىلۇ ھەر كۈنۈ تۈن يۈرۈر.
ئۆتەردىك كۆرۈنۈر ساڭا ئول ۋەلى،
يۈرۈرلەر جەھاندىن سەنى سۈرگەلى.
قانى سۈرمەسە، يارۇ يارانلارىڭ،
ئاتاۋۇ ئانا جەمئى توققانلارىڭ.
ئۇلارنى سۈرۈپ ئۆتكەرىپ نەۋبەتىن
ساڭا يەتكۈرۈپدۇر كە بىر فۇرسەتىن.

تاپىپ سۆرگەي ئىمدى سەنى ھەم رەۋان،
يۈرۈرلەر پەيىكدە بولۇبان دەۋان.
چۇ مۇنداق تۇرۇپ قەسد ئۇزە ئالەمى
ئۆتەردىن گۇدەزمۇ قىلۇر ئادەمى.

**قايىلى شىكەستە ھەزرەتى رەسالەتنىڭ ۋە يارانلارىنىڭ ھۇرمەتىن شەفىئ كەلتۈرۈپ، ھەزرەتى پەرۋەردىگارغە مۇناجات قىلا سۆزلەگەنى**

ئىلاھا ھەبىبىڭ ھەقى ھۇرمەتى،
تاقى تۆرت يارى كە ھەمسۇھبەتى.
ئىرۇرلەر ئۇلارنىڭ تۇفەيلى ئۈچۈن،
تاقى ئالۇ ئەسھابى خەيلى ئۈچۈن.
بۇ ئاسىيۇ مۇجرىم كە دەرماندەدۇر،
باشىدىن ئاياغ بەھرى ئىسياندادۇر.
دەمى خالى ئىرمەس گۇنەھ ئەتمەيىن،
ئەمەل نامەسىنى سىيەھ ئەتمەيىن.
ئىنايەت قىلىپ تارتىپ ئول ۋەرتەدىن،
سالىپ كۆڭلىگە زوق ئىلە شوق ئۇتىن.
قىلىپ ئۆز تەرىقىڭدىن ئاگاھ ئانى،
گۇنەھ يولىدا قويما گۇمراھ ئانى.
ھەياتىدا جانىنى ئاگاھ قىل،
بارۇرىدا ئىمانىنى ھەمراھ قىل.

**جەھان نامە تەمام بولۇپ، جەھاننامە ئات قويغانى ۋە تارىخ فەرخۇندە① بولغانى**

كىبىل ئەي مۇنشىي تەبئى رەۋشەن نىھاد،
قىلۇرمەن جەھاننامەدىن خەيرىباد.
كۆڭۈل لەۋھىدىن دەفئ ئەتىپ غۇسسەنى،

① فەرخۇندە — «مۇبارەك، سائادەتمەن» مەنىلىرىدە. بۇ يەردە ئەبجەد ھىسابى بويىچە ھىجرىيە 939- يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

قىلۇرمەن تەمام ئېمدى بۇ قىسسەنى.
بۇ ئول قىسسە ئېردىكىم ئول ھەمنىشىن
قىلىپ ئېردى كۆڭلۈمنى كۆرگەچ ھەزىن.
مۇۋاپىق كۆرۈپ ئانى ئۆز ھالىمە،
مۇناسىپ كۆرۈنۈپ ئۆز ئەھۋالىمە.
خىيال ئەيلەدىم ئېرسە تەقرىب ئىلە،
بۇ چاغلىق ھىكاياتى تەرتىب ئىلە.
تىزىلدى كەلىپ نەزم سەلكىن تۇتۇپ،
تەمام ئولدى بۇنيادىدىن يىل ئۆتۈپ.
1320 ئانىڭ ئۈچۈن ئانداغ كە دەۋران غەمى،
سالۇر ئېردى ھەر سارى ھەربىر دەمى.
كۆڭۈل جەمئ ئېمەس ئېردى ئەييامدىن،
كە نۇش ئەيلەسەم ئېردى بۇ جامدىن.
تاپىپ خىلۋەتى گاھۇ بىگاھدا،
كېچەلەردە ئەكسەر سەھەر گاھدا.
بولۇپ فۇرسەتىم گاھى بېشۇ ئونار،
خىيال ئەتتىم ئولغاي دېبان يادىكار.
يىل ئات ئېردى ماچىن تەۋارىخىدا،
رەجەب ئايى فەرخۇندە تارىخىدا.
1325 تۈگەتتىم جەھان مىھنەتۇ غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزم بىر داستان قىسسەسىن.
جەھاننامە قويدۇم ئانىڭ ئاتىنى،
دېدىم چۈن ئانىڭ ھالۇ ھالاتىنى.
مۇشەۋۋەش ئېدى كۆڭلۈم ئول ھالدىن،
چۇ ئايتۇر ئېدىم ئۆتكەن ئەھۋالدىن.
سۆزۈمدە قۇسۇرى بولۇپ بىلسەلەر،
كەرەم ئەيلەپ ئىسلاھىنى قىلسەلەر.
1329 سەلاھ ئېچرە سالىم تۇتۇپ مۇتتەسىل،
نەبى رۇھى بولغاي ئۇلاردىن بەھىل.

# لۇغەت

(ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

## ئا

ئاسىب — زەخىم، زىيان

ئاشۇفتە — پاراكەندە، پەرىشان

ئافات — ئاپەتلەر

ئافاق — ئۇپۇق؛ جاھان، دۇنيا

ئافەرىن — ياراتماق، پەيدا قىلماق

ئال — ئەقرىبالىق

ئالىفتە — خاتىرجەمسىزلىك

ئاھى سەرد — سوغۇق ئاھ

ئاۋازە — نام، ئاتاق، داڭق

ئايرۇ — باشقا، ئۆزگە

ئايىن — رەسىم - قائىدە، قائىدە - يوسۇن

## ئە

ئەبىر — خۇشپۇراق

ئەتسە — چۈچكۈرۈك

ئەزا — ھازا

ئەسرۇ — ناھايىتى، بەك

ئەكسەر — كۆپ
ئەنجۇسۇن — خاتىرجەم بولسۇن
ئەۋساف — سۈپەتلەر

## ب

بەخشايەش — رەھىمدىل، كەچۈرۈش، ئاياش
بەر (بار) — مىۋە
بەر تەرەف — يوقىلىش، گۇمران بولۇش، قېلىپ قېلىش
بەرگۇزىدە — تاللانغان
بەسەر — كۆرۈش، كۆرىدىغان
بەل — «بەلكى» سۆزىنىڭ قىسقا شەكلى
بەلەشت — ئاياق ئاستى، دەسسەلگەن
بەلى — شۇنداق
بولۇقە — بولقا
بۇد — ۋۇجۇد، بارلىق
بۇنياد — ھۇل، ئاساس
بىداد — ناتوغرا، ناھەقلىق
بىرۇبار — تەڭرى، خۇدا
بىريان — كۆيگەن، كاۋاپ بولغان
بىيشە — جاڭگال
بىگەزەند — زىيان - زەخمەتسىز
بى نەزىر — تەڭداشسىز
بىھبۇد — ساقلىق، خاتىرجەملىك، ياخشىلىق
بىھىل — كەچۈرۈش، كەچۈرۈم قىلىش
بىيىك پۇشتە — ئېگىز تۆپە، تۆپىلىك

## پ

پەچەك - پەچەنەك — تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قەبىلە
پەرۇبال — قانات - قۇيرۇق
پەيدەر پەي — كەينى - كەينىدىن، ئۈزۈلمەي
پەيرەۋ — ئەگىشىپ بارماق، ئىزىدىن بارماق
پۇرسەش — سورىماق، سوئال سورىماق
پۇش — قاپقاق، يوپۇق، يېپىنچا
پۇشت — ئارقا، كەينى
پېيشە — ھۈنەر - كەسىپ
پېيش ئۇفتاد — ئالدىغا قويۇش، باشلامچى قىلىش
پىر — قېرى، ياشانغان

## ت

تاپۇغ — خىزمەت
تاپۇغچى (تاپۇقچى) — خىزمەتچى، خىزمەتچى خادىم
تەبئە — تەبىئەت، خاراكتېر
تەرھ — پىلان، لايىھە
تەرەب — خۇشاللىق، شادلىق
تەزەررۇئ — تىلەش، يالۋۇرۇش
تەزۋىر — ھىيلە، ئالدامچىلىق
تەقرىب — يېقىنلىشىش
تەقسىر — نۇقسان، كەمچىلىك
تەفەررۇج — سەيلە قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش
تەفەھھۇس — ئۇقۇشۇپ كۆرمەك، ئويلاپ تاپماق
تەكۇدەۋ — ئالدىراش

تەلخ — ئاچچىق
تەنۇرە — ئايلىنىش، پىرقىراش
تەنەئئۇم — راھەتلىنىمەك، تۇرمۇش لەززىتى سۈرمەك
تەھەممۇل — سەبرە، تاقەت، چىدام
تەھى — تەييار
تەۋابىئ — قاراشلىق، تەۋە بولغانلار
تەۋاچى — جارچى
تەۋازۇئ — كەمتەرلىك، باش ئېگىش
تەۋەققۇئ — نىيەت، ئۈمىد، تىلەك. سوراش، ئىلتىماس
تەۋەللا — ھاۋالە قىلىش، تاپشۇرۇش
توشەئى راھ — يول ئوزۇقى
تۇل - ئۆكسۈك — تۇل، يېسىر
تۇند — چاپسان، تېز، تۇند بولماق - خاپا بولماق
تۆكۈز — قۇدرەتلىك
تۇئمە — يېمەك، ئوزۇقلۇق، يەم
تۇفەيل — سەۋەب، باھانە

## ج

جاھ — ئېگىز، ئېگىز جاي
جان ستان — جان ئالىدىغان
جايى گەشت — سەيلە قىلىدىغان جاي
جەھد — تىرىشماق، كۈچ چىقارماق
جەھر — يۇقىرى ئاۋاز
جەۋر — ئازاب، خاپىلىق
جۇۋد — مەۋجۇت، جۇۋد ئېرمەس - مەۋجۇت ئەمەس
جۇز — باشقا
جىگەر گۇشە — باغىر

## چ

چەرگە — قورشاۋ، مۇھاسىرە
چەرگىلىمەك — قورشىماق، چۆرىدىمەك
چەھاردەھ سالەئى — قىرىق يىللىق
چۇب — ياغاچ
چۆمچە تەراش — چۆمۈچ ياسىغۇچى
چۇستۇ چالاك — تېز، چاققان، چاپسان
چىغاي — كەمبەغەل
چىن — ئۈزمەك لالەچىن - لالە ئۈزمەك
چىلاۋ چەكمەك — تىزگىن تارتماق
چىللەئى — قىرىق كۈنلۈك

## خ

خاست — ئىرادە، خاھىش
خەير — ياخشىلىق
خۇتبە — لېكسىيە بېرىش، دىنىي مەزمۇندىكى لېك-سىيە، نۇتۇق
خۇشك — قۇرۇق
خۇشگەۋار — لەززەتلىك، مەززىلىك، تەملىك
خۇلە — كاۋاك، ئىچى بوش
خىلئەت — ئەتىۋارلىق تون، ئالاھىدە كىيىم

## د

دادار (دادەر) — ئادالەتپەرۋەر
دادگەر — ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى

دەرزى — ماشىنچى، كىيىم تىككۈچى
دەرىدە — يىرىلماق. زەھرە دەرىدە - ئۆتى يىرىلغان
دەستۇر — ئادەت، قائىدە، تۈزۈم
دەلىر — باتۇر، قەھرىمان، قورقماس
دەھەن — ئېغىز، دەرۋازا
دەھەن پۇش — ئېغىزلىق، دەرۋازا قاپقىقى
دەھم — كۆپلەپ، كەڭ تۈردە
دەۋان ~ دەۋ — يۈگرەش
دەۋر — ئايلىنىش، تەقدىر
دۇر — ئۇزاق، يىراق
دېي — قىش، سوغۇق
دىرىنە — ئۇزۇن، كونا، قەدىمكى
دىرىنە سال — قېرى، قەدىمكى
دىگەرگۇن — باشقىچە، ئۆزگەرگەن
دىل ئەفگار — دىلى جەراھەتلەنگەن، دىلى ۋەيران
دىلپەزىر — كۆڭۈلگە ياقىدىغان، سۆيۈملۈك
دىلپەسەند — يېقىملىق. سۆيۈملۈك
دىلفۇرۇز — دىلنى خۇشال قىلىدىغان
دىلگۇشا — كۆڭۈلنى ئاچىدىغان
دىلگىر — دىلنى يارىلايدىغان

## ر

راھ — يول
راي — پىكىر، قاراش
رەخت — كىيىم - كېچەك، يۈك - تاق
رەخش — رۇستەمنىڭ مىنگەن ئېتى، ئومۇمەن ئۇچقۇر

ئاتلارغا قارىتىلىدۇ

رەھا قىلماق — خالاس قىلماق
رەۋ — ماڭماق، مېڭىش
رەۋشەن نىھاد — ئوچۇق - يورۇق مىجەزلىك
رۇجۇئ — مۇراجىئەت قىلماق، بىر نەرسىگە قاراتماق
رىز — ئۇۋاق، پارچە، ئۇششاق

## ز

زاتى شەرىف — يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشى
زەرىف — چىرايلىق، يېقىملىق
زەمىر — يۈرەك، قەلب
زەھرە — ئۆت، ئۆت خالتىسى
زۇلال — سۈزۈك
زۇلجەلال — ئۇلۇغ
زىنەپا — پەلەمپەي

## س

سالىھ — ياخشى، مۇۋاپىق، توغرا، سۈپەتلىك
سەبۇك روھ — خۇشال، خۇشال - خۇرام
سەخت — ئېغىرچىلىق، كۈلپەت
سەدھەزار — يۈز مىڭ
سەرايەت — تارقىلىش، ئۇنۇم بېرىش
سەرزەنىش — ھاقارەت، جېمىلەش، پەس كۆرۈش
سەرەنداز — جانپىدا، قەھرىمان، باتۇر
سەرنەۋىشت — تەقدىر، قىسمەت

سەمەند — ئات، قۇلا ئات
سەنەر — دەلىل، ئاساس؛ ھۆججەت
سەندەل — ئورۇندۇق. سەندەلى زەرنىگار ـ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇق
سەنگ ئەنداز — تاش ئېتىش قۇرالى
سەنگى زەن — تاش ئاتقۇچى
سەنگىن — ئېغىر
سەھى — توغرا، تۈز
سەئى — تىرىشىش
سەئىن — تىرىشىش، غەيرەت كۆرسىتىش
سۇراھ — بويىنى ئۇزۇن قەدەھ
سوز — كۆيەمەك
سىغار — كىچىكلەر
سىككە — مېتال پۇل
سىلك — يىپەك، يىپەك يىپ، رىشتە
سىيەر — داڭلىق
سىيەھپۇش — قارا كىيىنگەن، قارا كىيىملىك

## ش

شەر — يامانلىق، بەختسىزلىك، ئاپەت
شەھرىيار — پادىشاھ، ھاكىم
شورەزار — شورلۇق، شورتاڭلىق
شىۋەن — نالە ـ زار

## غ

غەزال — بۆكەن
غەلتان — تېپىلىش

غۇلۇ — ھەددىدىن ئاشقان، قىنىدىن چىققان

## ف

فەرەھ — راھەت

فەلاخۇن — سالغا

## ق

قازىق — ئورەك، زىندان

قامۇق — ھەممە، بارلىق

قەۋى — كۈچلۈك

قورچىن — خۇرجۇن

قولماق — سورىماق

قۇر — بەلۋاق

## ك

كەبىر (كىبار) — ئۇلۇغ، چوڭ، زور

كەرم — سايىۋەن

كەدخۇدا — يېڭى ئۆيلەنگەن يىگىت .

كەف — ئالقان

كەمەند — ئارقان، سالما

كەنار — قىرغاق، چەت، يان

كوي — كوچا، مەھەللە

كوشىش — تىرىشىش

كۆرمەن — كۆرمەيمەن

كۆشك — چىمىلدىق، پەردە

## گ

گەرد — توپا ـ چاڭ
گەردىش — ئايلىنىش، نۆۋەت
گەرم — قىزىق، قىزىماق
گەزەند — زىيان ـ زەخمەت، زەخىم
گەشت — يۈرۈش، سەيلە قىلىش
گۇداز (گۇدەز) — بىئارام بولۇش، قىينىلىش، كۆيۈش
گۇزەر — ئۆتۈش، كېچىش
گۇزىن — تاللانغان، ئىلغانغان، سايلانغان
گۇستاخ — باشباشتاق، ئەدەپسىز، قوپال
گوشە — بۇلۇڭ، بۇرجەك
گۇلبۇن — گۈلنىڭ پۇتىقى، گۈلنىڭ شېخى
گۇلسۇر (گۈل سۇرخ) — قىزىلگۈل
گىلە — تاپا ـ تەنە، ئاغرىنىش

## ل

لالەفام — لالە رەڭلىك
لەۋن — رەڭ، تۈس، بوياق

## م

مانىئ — توسالغۇ، دەخلى
مانەند — ئوخشاش
مەتائ — تاۋار، مال ـ مۈلۈك

مەسنەد نشىن — تەختتە ئولتۇرغۇچى، هۆكۈمران
مەغز — مېڭە، ئەقىل
مەقدۇر — ئىمكانىيەت
مەگەس — چىۋىن
مەلىك — شاھ، پادىشاھ
مەھار — ئاغامچا، تىزگىن
مەھارى قاتار — ئاغامچا بويىدەك تىزىلغان
مەھتاب — ئاي، ئايدىڭ
مەھرەمى راز — سىرداش
مەۋجدار — دولقۇنلۇق
مەۋزۇن — كېلىشكەن، مۇۋاپىق
مۇئەتتەل — تاشلاپ قويۇلغان، ئىشى يوق، بىكار
مۇتتەسىل — داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز
مۇجاۋىر — خوشنا، ھەقەمسايە
مۇجرىم — گۇناھكار
مۇزد — ھەق، مانچۇ
مۇساھىب — سۆھبەتداش، دوست
مۇستەھىق — مۇناسىپ؛ غېرىب - غۇرۋا
مۇسەخخەر — غالىپ، بويسۇندۇرغۇچى
مۇسەلسەل — زەنجىرسىمان، داۋاملىق؛ بۇدرە
مۇشەۋۋەش — تەشۋىشلىك
مۇنشائ — بۇلاق، مەنبە؛ سەۋەب

## ن

ناغۇ — نېمىشقا
نالان — نالە - پىغان قىلغۇچى

نەرم — يۇمشاق، مۇلايىم
نەشائ — كەيپ، سەرخۇشلۇق
نەشات — خوشاللىق، شاتلىق، دىدىللىق
نەشئە — كەيپ بولۇش، مەس بولۇش
نەشۋۇنەما — ئۆسمەك، چوڭايماق
نەفىر — سۈنەي، ناخشا ئېيتىش، ئۈنلەش
نەقد — نەق پۇل
نەقدىنە — نەق پۇل، قىممەتلىك مال ۋە دۇنيا
نەقس — نۇقسان، كەمچىلىك
نەهەڭ — كىت، تىمساھ
نەۋئ — خىل، تۈر
نەۋرەس — يېڭى نوتا، ياش نوتا
نىمتەنە — پىلاتى، كوپتا (ئايالارنىڭ ئۈست كىيىمى)
نىياز — هاجەت، ئىلتىماس؛ سوۋغا
نىيك خاه — ياخشى خاهىش

## ه

هالى بولماق — چۈشەنچە هاسىل قىلماق
هەبىب — دوست، سۆيۈملۈك
هەرف — ئاۋاز
هەزىن — غەمكىن، سولغۇن
هەسبى هال — هال-ئەهۋال
هەككاك — تاشچى، تاشتاراش
هەمنىشىن — بىللە ئولتۇرغۇچى
هەمۋارە — ئوخشاش، بىردەك، تەڭ؛ سىلىق
هەۋاخاه — هىمايە قىلغۇچى، غەمخور

هۇللە — لىباس، يوپۇق
ھىرى — ھىرات

## ئۇ

ئۇفتاد — چۆشمەك
ئۇلۇ — دۆلەتمەنلىك

## ئۆ

ئۆتۆ — ؟
ئۆكۆن — باشقا
ئۆگمەك — ماختىماق
ئۆلمەن — ئۆلمەيمەن

## ئۈ

ئۈنچۈپ — شۇنداق قىلىپ

## ۋ

ۋاله — ھەيران، مەپتۇن
ۋاله — بىر خىل يىپەك
ۋەرتە — خەتەرلىك، تۈپسىز، چوڭقۇر جاي
ۋەرزىشى تىيز كار — ئۇستا ھۈنەرۋەن مەنىسىدە

ئىتتىسال — قوشۇلماق
ئىئتەمىد — ئۈمىت باغلاش، ئىشىنىش
ئىدى — ئىگە، تەڭرى
ئىززۇجاھ — ئىززەتلىك، يۇقىرى
ئىھتىراز — ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئېھتىيات
ئىھتىمام — تىرىشماق

# جاھاننامە

ئاياز شىكەستە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
مەسئۇل مۇھەررىرى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 4.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1986 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098.1055
تىراژى: 1— 8،500
باھاسى: 1.00 يۈەن